
1990/12



⇧ شىنجاڭ شىخۇا 2 - باسما زاۋۇتىنىڭ ئاتۇر سېخى پارتىيە ياچېيكىسى ھەممە ئىشتا باشلامچىلىق رولىنى ياخشى جارى قىلدۇرۇپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى بىرىنچى ئورۇنغا قويۇپ، ئىش ئۈنۈمىنى ئۆستۈردى. شۇڭا بۇ سېخ ئۇدا ئۈچ يىل زاۋۇت بويىچە «ئىشلەپچىقىرىشتا ئىلغار سېخ»، بۇ يىل «ئىلغار ياچېيكا» بولۇپ باھالاندى.



⇦ شىنجاڭ شىخۇا 2 - باسما زاۋۇتى ئاتۇر سېخ كورېكتور گۇرۇپپىسىنىڭ باشلىقى، مۇنەۋۋەر كومپارتىيە ئەزاسى مەتتۇرسۇن قاسىم خىزمەتكە قاتناشقان 26 يىلدىن بۇيان، تۈز كەسپىنى پۇختا ئىشلەپ، بىر كومپارتىيە ئەزالىق بۇرچىنى ئادا قىلىپ كەلگەنلىكتىن، سېخ، زاۋۇت بويىچە ئۇدا بىر قانچە يىل «ئىلغار ئىشلەپچىقارغۇچى»، ئۇدا بەش يىل زاۋۇت بويىچە «مۇنەۋۋەر كومپارتىيە ئەزاسى» بولۇپ باھالىنىپ كەلمەكتە.

بەرھات مۇھەممەت ھۆشۇر فوتوسى



⇩ شىنجاڭ نېفىت باشقۇرۇش ئىدارىسى قاراماي ئېلېكتر ئىستانسىسى كاتول شوبە زاۋۇتىنىڭ ئىشچىسى، كومپارتىيە ئەزاسى ئالىمجان ئابۇباخۇن يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىشنى شەرەپ دەپ بىلىپ، ئىشتىن سىرتقى بوش ۋاقىتلىرىنى ھەر مىللەت ئىشچى خىزمەتچىلەرنىڭ ئائىلە - ئېلېكتر سايمانلىرىنى رېمونت قىلىپ بېرىشكە سەرپ قىلىپ، رەھبەرلىك ۋە ھەر مىللەت خەلق ئاممىسىنىڭ ياخشى باھاسىغا ئېرىشىپ كەلدى. ھەممىدە كۆپ قېتىم زاۋۇت دەرىجىلىك «مۇنەۋۋەر كومپارتىيە ئەزاسى»، «مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى نەمۇنىچىسى»، «ئىشلەپچىقىرىش ئىلغارى» بولۇپ باھالىنىپ تەقدىرلەندى ۋە مۇكاپاتلاندى.

مۇھەممەت قۇربان روزى فوتوسى

⇧ شىنجاڭ نېفىت باشقۇرۇش ئىدارىسى قاراماي ئېلېكتر ئىستانسىسى ئاساسىي قۇرۇلۇش ئەترىتىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، كومپارتىيە ئەزاسى، ئىشچى ئىنژېنېر مەممەت قۇربان ئامچىلىق خىزمىتى بىلەن شۇغۇللانغان 15 يىلدىن بۇيان تۈر كەسپكە چوڭقۇر ئىشتىياق باغلاپ، جاپا - مۇشەققەت، مەينەتچىلىكتىن قورقماي ئۇدا 12 يىل «ئىشلەپچىقىرىش ئىلغارى»، سەككىز قېتىم «مۇنەۋۋەر كومپارتىيە ئەزاسى»، «مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ئىلغارى»، «تېخنىكا يېڭىلاش ماھىرى» بولۇپ باھالىنىپ تەقدىرلەندى.

مەھەممەت قۇربان روزى فوتوسى





⇦ كورلا شەھىرى تىكىچى يېزىسىنىڭ مۇئاۋىن يېزا باشلىقى، كومپارتىيە ئەزاسى
تىبىنىمخان باۋۇدۇن (ئوتتۇرىدا) يېزىنىڭ ئەرزىيەت خىزمىتىگە مەسئۇل بولۇپ
شلىگەندىن بۇيان، ئەرزىيەت خىزمىتىدە پارتىيىنىڭ سىياسەت پرىنسىپلىرى
ويىچە ئىش كۆرۈپ، باشتىن ئاخىرى پاك دىيانەتلىكنى ساقلاپ كەلدى. ئۇ بۇ
جەريانىدا 28 جۈپ ئەر - ئايالنى ئەپلەشتۈرۈپ قويۇپ، ئاممىنىڭ ياخشى باھاسىغا
رىشتى. شۇڭا ئۇ ھەر يىلى يېزا، شەھەر بويىچە «ئەرزىيەت خىزمىتىدىكى ئىلغار
شەخس»، «مۇنەۋۋەر كومپارتىيە ئەزاسى» بولۇپ باھالاندى. يېقىندا ئۇ يەنە ئاپتونوم رايون
رىيىدىن «ئەرزىيەت خىزمىتىدىكى ئىلغار شەخس» بولۇپ باھالاندى.

بەرھات مۇھەممەت ھۆشۇر فوتوسى

## بىز بىر دۆلەتتە ئىككى خىل تۈزۈمنى يولغا قويۇشنى تەشەببۇس قىلدۇق

بىز بىر دۆلەتتە ئىككى خىل تۈزۈمنى يولغا قويۇشنى تەشەببۇس قىلدۇق، سەنمۇ ئۆزەڭنىڭ ئىشىنى قىل، مەنمۇ ئۆزەمنىڭ ئىشىنى قىلمەن، تەيۋەن ئۆزىنىڭ ئىچ مەسىلىكى بىلەن شۇغۇللىنىۋەرسۇن، بىزمۇ ئۆزىمىزنىڭ سوتسىيالىزمى بىلەن شۇغۇللىنىۋېرىمىز، سەن بىزنى يۇتۇۋەتمە، بىزمۇ سىنى يۇتۇۋەتمەيمىز.

بىز تەيۋەن بىلەن چوڭ قۇرۇقلۇقتا باراۋەر بولغان ئىككى ھۆكۈمەتنىڭ بولۇشىنى ھەرگىز ئېتىراپ قىلمايمىز، چۈنكى بۇنداق بولغاندا ئىككى جۇڭگو بولغان بولىدۇ. ھازىر تەيۋەندە يەنە بەزىلەر قاتتىق باش قاتۇرۇپ «بىر دۆلەتتە ئىككى رايون بولۇش»نى ئوتتۇرىغا قويدى. بىرلىككە كەلتۈرۈلگەندىن كېيىن، مەركىزىي ھۆكۈمەت چوقۇم بېيجىڭدا بولىدۇ، جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى بولىدۇ. بۇ مۇئەييەنلەشتۈرۈلگەن، بۇنىڭغا يول قويۇشقا بولمايدۇ. بۇ ناھايىتى مۇھىم پرىنسىپ.

(دېڭ شياۋپىڭنىڭ «جۇڭگو ۋاقىت گېزىتى»نىڭ مۇخبىرلىرىغا بايان قىلغان سۆھبىتىدىن ئېلىندى)

## بۇنىڭدىن كېيىنكى ئون يىل — ئېلىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ ئىنتايىن مۇھىم مەزگىلى

بۇنىڭدىن كېيىنكى ئون يىل — ئېلىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ ئىنتايىن مۇھىم مەزگىلى. بۇ ئون يىلدا ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنى يۈكسەلدۈرۈش - يۈكسەلدۈرەلمەسلىك سوتسىيالىزمنىڭ ئىستىقبالى ۋە تەقدىرىگە مۇناسىۋەتلىك سىياسىي مەسىلە، مەسىلىلەر ئۈستىدە ئويلاشقاندا، ئىش قىلغاندا، جەزمەن ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشتىن ئىبارەت بۇ مەركەزگە بويسۇنۇشىمىز ۋە خىزمەت قىلىشىمىز لازىم. مۇشۇ تەسەۋۋۇرنى ئاساس قىلىپ، مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنىڭ ئومۇمىي تەسەۋۋۇرى ۋە ئورۇنلاشتۇرۇلۇش پىلانى ئۈستىدە ئويلىشىشىمىز ھەمدە ئۇنى 8 - بەش يىللىق پىلان مەزگىلىدىكى ۋە بۇنىڭدىن كېيىنكى ئون يىلدىكى ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتنىڭ ئومۇمىي ئورۇنلاشتۇرۇلۇشىغا ئورگانىك ھالدا كىرگۈزۈشىمىز لازىم. بۇنداق قىلىش ماددىي مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنىڭ مۇقەررەر تەلىپى، شۇنداقلا مۇكەممەل جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇشنىڭ ئوبيېكتىپ تەلىپى. بۇنداق قىلىش ماددىي مەدەنىيەتنىڭ تەرەققىياتىنى مەنىۋى ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچ، ئەقلىي مەدەت ۋە ئىدىيىۋى كاپالەتكە ئىگە قىلىپ، «بىرنى چىڭ، بىرنى بوش تۇتۇش» ئەھۋالىنى تۈگىتىپ، مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىغا زۆرۈر ماددىي شارائىت ھازىرلاپ بېرىشكە پايدىلىق.

(لى رۇيخۇەننىڭ «مەملىكەتلىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى پائالىيىتى خىزمىتى يىغىنى»دا سۆزلىگەن سۆزىدىن ئېلىندى).

ياچېيكا تۇرمۇشى (ئايلىق ژۇرنال) 1990 - يىل 12 - سان



ج ك پ ش ئۇ ئا ر كومىتېتى تەشكىلات، تەشۋىقات بۆلۈملىرىنىڭ باشچىلىقىدا نەشر قىلىندى.
ئۇيغۇر، خەنزۇ، قازاق، موڭغۇل تىللىرىدا نەشر قىلىندۇ.
ھەر ئاينىڭ 15 - كۈنى نەشردىن چىقىدۇ.


| | |
|---|---|
| مۇھىم ھۆججەت، مۇھىم ئىشلار | دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونلىرىدا ئاساسىي قاتلام پارتىيە تەشكىلاتلىرى بەرپا قىلىنغان ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتلار قۇرۇلۇشىنى ھەققىي تۇردە كۈچەيتەيلى ............................................ ھامىدىن نىياز 4<br>ج ك ب مەركىزىي ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتىنىڭ ئىقتىسادىي جەھەتتە قانۇن، ئىنتىزامغا خىلاپلىق قىلغان كومپارتىيە ئەزاسىغا پارتىيە ئىنتىزام جازاسى بېرىش توغرىسىدىكى بىر قانچە بەلگىلىمىسى (سىناق تەرىقىسىدە يولغا قويۇلىدۇ) .........11<br>ئاپتونوم رايونىمىزدا دىنىي باشقۇرۇش خىزمىتىنى كۈچەيتىش توغرىسىدىكى پىكىر ............................ ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم بىرلىكسەپ بۆلۈمى 21<br>ئاپتونوم رايونىمىزدىكى يېزا ئاساسىي قاتلام ھاكىمىيەت قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش توغرىسىدا پىكىر .................. ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ئىشلار نازارىتى 29 |
| بۈلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇپ، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغدايلى ... | پارتىيىدىكى «غازات»نىڭ ئەكسىيەتچىل ماھىيىتىنى ئېچىپ تاشلايلى ........................ قەشقەر ۋىلايەتلىك پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمى 36 |
| ئىلان | جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 70 يىللىقىنى تەبرىكلەش مۇناسىۋىتى بىلەن ماقالە قوبۇل قىلىنىدۇ.......................................... 39 |
| ئاۋانگارتلار كۈرىكى | «خەلقىم» — تۇنىڭ يۈرەك سوقۇشىدىن چىققان سادا....................... غ. نىياز 40 |

ئومۇمىي 322 ـ سان

«ياچېيكا تۇرمۇشى» رېداكسىيىسى
نەشرگە تەييارلىدى.

● شىنجاڭ گېزىتى باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى؛
● مەملىكەت ئىچىدە بىرلىككە كەلتۈرۈلگەن ژۇرناللار نومۇرى CN65 — 1003/Z
● مەملىكەتنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدا مۇشتەرى قوبۇل قىلىنىدۇ؛
● ئۈرۈمچى شەھەرلىك پوچتا ئىدارىسىدىن تارقىتىلىدۇ؛
● ئادرېسى: ئۈرۈمچى شەھىرى ساغلام يولى 2 ـ قورا؛
● تېلېفون: باش ئاپپارات 2/7524 تارقىلىش 898. 698. 829؛
● ۋاكالەت نومۇرى: 42 ـ 58؛ باھاسى 0.50 يۈەن؛ پوچتا نومۇرى: 830003.


| | |
|---|---|
| پارتىيە ئىستىزامىنى چىڭىتىش | ھوقۇقنىڭ مەراڭ كېسەلگە ئايلىنىشى؛ ............... جېيەن جېڭ، لىۋ ۋېنسەن 43 |
| خەت ساندۇقى | لاياقەتسىز دەپ باھالانغان پارتىيە ئەزالىرىنىڭ سايلاش ۋە سايلىنىش ھوقۇقى بولامدۇ .... 47<br>مېنىڭ كاندىدات پارتىيە ئەزالىقىم قاچان، قايسى ئورۇندا رەسمىيلەشتۈرۈلىدۇ؟<br>.............................. غ.مۇھەممەت، م. ئىمىن 47 |
| مۇشتەرى، ئاپتور، ئەھرىر | بىر پارچە مۇقاۋا سۈرىتىدىن ئويلىغانلىرىم ..................... ئو.مۇھەممەت 49 |
| گۈل ۋە تىكەن | پارتىيە ئەزالىرىنىڭ باشلامچىلىقىدا (تۆت پارچە) ........................... 50 |
| تەرمىلەر | دۆلەت ئەھۋالى قايسى مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ (11 پارچە) ............... 52 |
| دۇنياغا نەزەر | نەسلى مەقسىتىمىز ھەرگىز بۇ ئەمەس ئىدى— گېرمانىيە بىرلىككە كەلگەندىن كېيىن ............................ خۇشۇدۇڭ 56 |
| بوغدا | مازىبدۇڭ ۋە تۇنىڭ كاتىپى تيەن جيايىڭ .................... ياڭ شېەنجى 59 |

# دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونلىرىدا ئاساسىي قاتلام پارتىيە تەشكىلاتلىرى يادرو قىلىنغان ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتلار قۇرۇلۇشىنى ھەقىقىي تۈردە كۈچەيتەيلى

ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى ھامىدىن نىياز

رايونىمىزنىڭ دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونلىرىدا ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتلار قۇرۇلۇشىغا ئالاقىدار مەسىلىلەر توغرىسىدا بەزى پىكىرلىرىمنى سۆزلەپ ئۆتىمەن.

## 1. دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونلىرىدا ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتلار قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ يېزا خىزمىتىدىكى مۇھىم ھەم تەخىرسىز ۋەزىپە

دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونلىرىدىكى ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتلىرىنىڭ قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش، پارتىيە رەھبەرلىكىنى كۈچەيتىش ئىشچى - دېھقانلار ئىتتىپاقىنى مۇستەھكەملەش، سوتسىيالىستىك ھاكىمىيەتنى مۇستەھكەملەش، يېزىلارنىڭ قۇرۇلۇشى ۋە ئىسلاھات ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش، مىللەتلەرنىڭ ئورتاق گۈللىنىشى - تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش، پارتىيە بىلەن ھۆكۈمەتنىڭ ھەر مىللەت دېھقان - چارۋىچىلىرى ئاممىسى بىلەن بولغان ئالاقىسىنى قويۇقلاشتۇرۇشتا ناھايىتى مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. بىز سىياسىي مۇقىملىق، ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئىقتىسادىي مۇقىملىقنى ساقلاشتەك ئومۇملۇقنى چىقىش قىلىپ، مىللىي بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش، ئىچكى - تاشقى دۈشمەنلەر كۈچلىرىنىڭ تىنچ ئۆزگەرتىۋېتىش سۇيىقەستىنى بىتچىت قىلىش، دۆلەتنىڭ ئۇزاققىچە ئامان - ئېسەن بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلىشتەك ستراتېگىيىلىك يۈكسەكلىكتە تۇرۇپ دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونلىرىدىكى ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتلار قۇرۇلۇشىنىڭ مۇھىملىقىنى تولۇق تونۇپ،



ئاپتونوم رايونلۇق 3 - نۆۋەتلىك پارتىيە كومىتېتى 15 - ئومۇمىي (كېڭەيتىلگەن) يىغىنىدا دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونلىرىدا ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتلار قۇرۇلۇشىنى ئومۇميۈزلۈك كۈچەيتىش قارار قىلىندى. يىغىندىن كېيىن، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى بىلەن خەلق ھۆكۈمىتى يېزىلاردا پارتىيىنىڭ ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتلىرى قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش، يېزىلاردا ئاساسىي قاتلام ھاكىمىيەت قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش، يېزىلاردا ئىدىيە، مەدەنىيەت خىزمىتىنى كۈچەيتىش ۋە دىنىي باشقۇرۇش خىزمىتىنى كۈچەيتىش توغرىسىدىكى تۆت مۇھىم ھۆججەتنى تەستىقلاپ تارقاتتى. بۇ يىل 8 - ئايدا جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتى تەشكىلات بۆلۈمى، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتى سىياسەت تەتقىقات ئىشخانىسى، دۆلەت خەلق ئىشلار مىنىستىرلىكى قاتارلىق ئورۇنلار بىرلىكتە مەملىكەت بويىچە كەنت دەرىجىلىك تەشكىلاتلار قۇرۇلۇشى خىزمىتى سۆھبەت يىغىنى ئاچتى. ھازىر مەن مەملىكەت بويىچە ئېچىلغان يىغىننىڭ روھىغا ئاساسەن، ئاپتونوم

بۇ خىزمەتنى ھەر دەرىجىلىك پارتىيە كومىتېتلىرى ۋە خەلق ھۆكۈمەتلىرىنىڭ مۇھىم ئىشلار كۈنتەرتىپىگە كىرگۈزۈپ بوشاشماي تۇتۇشىمىز، چىڭ، پۇختا ۋە ياخشى تۇتۇشىمىز لازىم.

ئىسلاھات ئېلىپ بېرىلغان، ئىشىك ئېچىۋېتىلگەندىن بۇيان ئاپتونوم رايونىمىزدا يېزا ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتى ئوڭۇشلۇق ئېلىپ بېرىلدى، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىقتىن تۇدا 13 يىل مول ھوسۇل ئېلىندى، دېھقان - چارۋىچىلارنىڭ تۇرمۇشى يىلدىن - يىلغا ياخشىلاندى، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونلىرىدا مىللەتلەر ئىتتىپاق، جەمئىيەت تىنچ بولماقتا، سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋەزىيەت ناھايىتى ياخشى. ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونلىرىدىكى ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتلار ۋە كەڭ يېزا كادىرلىرى يېزىلارنىڭ مۇقىملىقى، ئىسلاھات ۋە تەرەققىياتنى ئىلگىرى سۈرۈش جەھەتتە كۆپ خىزمەتلەرنى ئىشلەپ، ناھايىتى چوڭ رولىنى جارى قىلدۇرۇپ، گەۋدىلىك تۆھپە ياراتتى. جايلارنى تەكشۈرۈش ئەھۋالىدىن قارىغاندا، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونلىرىدىكى ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتلارنىڭ ئەھۋالى، ئومۇمەن ياخشى. لېكىن، بىزنىڭ ئىچكى - تاشقى دۈشمەن كۈچلەرنىڭ بۇزغۇنچىلىق ھەرىكەتلىرىدىن ھوشيار بولۇشىمىز يېتەرلىك بولمىدى، سىنىپىي كۈرەشنىڭ مۇئەييەن دائىرىدە ئۇزاققىچە مەۋجۇت بولىدىغانلىقى توغرىسىدىكى قارىشىمىز ئاجىزلىشىپ قالدى. ئالدىنقى بىر قانچە يىلدا پارتىيىنىڭ رەھبەرلىك رولى ۋە پارتىيىنىڭ ئىدىيىۋى - سىياسىي خىزمىتى ئاجىزلاشتۇرۇپ قويۇلدى، ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتلار قۇرۇلۇشى ۋە ئاساسىي قاتلام خىزمىتى بوشاشتۇرۇپ قويۇلدى، بۇنىڭ بىلەن، ئاپتونوم رايونىمىز يېزىلىرىدىكى ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتلار قۇرۇلۇشىدىمۇ بىر مۇنچە مەسىلەر كۆرۈلدى، بۇلار ئاساسلىقى: دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونلىرىدىكى بەزى ئاساسىي قاتلام پارتىيە تەشكىلاتلىرى بوشاڭ، ئاجىز، چېچىلاڭغۇ بولۇپ، رەھبەرلىك يادروسى بولۇپ شەكىللەنمىدى؛ بەزى يېزا دەرىجىلىك تەشكىلاتلار ئۆزىنىڭ مەسئۇلىيىتىنى تولۇق ئادا قىلمىدى، قوزغىتىش رولىنى ئوبدان جارى قىلدۇرمىدى، كەنت دەرىجىلىك ئورۇنلارنىڭ خىزمىتىنى چىڭ تۇتمىدى؛ بىر مۇنچە كەنت دەرىجىلىك تەشكىلاتلار مۇكەممەل بولالمىدى، بەزىلىرى پالەچ، يېرىم پالەچ ھالەتكە چۈشۈپ قالدى؛ دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونلىرىدا ئىدىيىۋى - سىياسىي خىزمەت ئاجىز، بىرنى چىڭ، بىرنى بوش تۇتۇش مەسىلىسى بىر قەدەر گەۋدىلىك بولدى؛ بەزى جايلاردا دىن باشقۇرۇلمىسىز قالدى، مىللىي بۆلگۈنچىلىك ئىدىيىسى باش كۆتۈرۈپ قالدى. بۇنداق مەسىلەرنىڭ ساقلىنىشى ئاپتونوم رايونىمىز يېزىلىرىنىڭ مۇقىم بولۇشى ۋە تەرەققىي قىلىشىغا ئېغىر تەسىر يەتكۈزدى. ئاقتۇ ناھىيىسىنىڭ بارىن يېزىسىدا يۈز بەرگەن ئەكسىلئىنقىلابىي قوراللىق توپىلاڭ بىزگە سىگنال بەردى. ھەر دەرىجىلىك پارتىيە كومىتېتلىرى ۋە خەلق ھۆكۈمەتلىرى دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونلىرىدىكى ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتلار قۇرۇلۇشىغا يۈكسەك دەرىجىدە ئەھمىيەت بېرىشى، بۇ جەھەتتە ھارماي - تالماي تىرىشچانلىق كۆرسىتىشى لازىم.

## 2. دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونلىرىدىكى پارتىيە تەشكىلاتلىرى يادرو قىلىنغان ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتلارنى يۈرۈشلەشتۈرۈش قۇرۇلۇشنى كۈچەيتىش كېرەك

يېزا، بازارلىق پارتىيە كومىتېتلىرى يېزا دەرىجىلىك تەشكىلاتلار ۋە تۈرلۈك خىزمەتلەرگە رەھبەرلىك قىلىدىغان يادرو، كەنت پارتىيە ياچېيكىسى كەنت دەرىجىلىك تەشكىلاتلار ۋە تۈرلۈك خىزمەتلەرگە رەھبەرلىك قىلىدىغان يادرو. بۇ پرىنسىپنى تازا ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىش كېرەك. ھەر قانداق ۋاقىتتا بۇ پرىنسىپتا مۇجمەللىشىشكە ۋە تەۋرىنىشكە بولمايدۇ. دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق

رايونلىرىدىكى ئاساسىي قاتلام پارتىيە تەشكىلاتلىرىنىڭ ئاساسلىق ۋەزىپىسى پارتىيىنىڭ لۇشيەن، فاڭجېن، سىياسەتلىرىنى ۋە يۇقىرىنىڭ قارارلىرىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، سوتسىيالىزم يۆنىلىشىدە چىڭ تۇرۇپ، ھەر مىللەت دېھقان، چارۋىچىلىرىنى يېزا ئىقتىسادىنى راۋاجلاندۇرۇشقا، ئورتاق بېيىش يولىغا مېڭىشقا يېتەكلەشتىن ئىبارەت. پارتىيە تەشكىلاتلىرى ئۆز مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلماي، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونلىرىنى ئىستىخىيىلىك ھالدا تەرەققىي قىلىشقا قويۇۋېتىدىغان بولسا، ئۇنىڭدىن ئېغىر ئاقىۋەت كېلىپ چىقىدۇ. ئەمەلىيەت ئىسپاتلىدىكى، يېزا، كەنتلەردە ئاساسىي قاتلام پارتىيە تەشكىلاتلىرىنىڭ يادرولۇق رەھبەرلىك رولى بىر قەدەر ياخشى جارى قىلدۇرۇلسا، باشقا ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتلارنىڭ رولىمۇ بىر قەدەر ياخشى جارى قىلدۇرۇلىدۇ؛ ئەكسىچە بولغاندا قۇمدەك چېچىلىپ كېتىپ، ئۇيۇشتۇرۇش كۈچى ۋە جەڭگىۋارلىقى ئاجىزلىشىدۇ، تۈرلۈك خىزمەتلەرنى يۈكسەلدۈرۈش قىيىنغا چۈشىدۇ. شۇڭا، ئاساسىي قاتلام پارتىيە تەشكىلاتلىرى ئۆز قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش ئېڭىنى ئۆستۈرۈپ، ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش ماھارىتىنى ئاشۇرۇپ، پارتىيە ئەزالىرىنىڭ ئاۋانگارتلىق، نەمۇنىلىك رولىنى جارى قىلدۇرۇشى، ھەر مىللەت دېھقان، چارۋىچىلىرى بىلەن زىچ ئالاقە ئورنىتىپ، ئۇلارنى پارتىيىنىڭ لۇشيەن، فاڭجېن، سىياسەتلىرىنى توغرا ئىزچىللاشتۇرۇپ، سوتسىيالىستىك يېڭى يېزا قۇرۇش ئۈچۈن پۈتۈن كۈچىنى تۆھپە قىلىشقا يېتەكلىشى كېرەك.

دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونلىرىدىكى ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتلار بىر مۇكەممەل سىستېما، ئۇ رەھبەرلىك يادروسى بولغان پارتىيە تەشكىلاتلىرىنى، يەنە ھاكىمىيەت تەشكىلاتلىرى، ئۆزىنى ئۆزى ئىدارە قىلىش تەشكىلاتلىرى، ئىقتىسادىي تەشكىلاتلار، ئاممىۋى تەشكىلاتلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئاساسىي قاتلام ھاكىمىيىتى دۆلەت ھاكىمىيىتىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى، خەلق دېموكراتىيىسى دىكتاتۇرىسىنىڭ ئاساسى؛ كەنت ئاھالە كومىتېتى، كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقى، ئاياللار بىرلەشمىسى پارتىيىنىڭ دېھقان، چارۋىچىلار بىلەن ئالاقە قىلىشىدىكى كۆۋرۈك ۋە ۋاستە، دۆلەت ھاكىمىيىتىنىڭ مۇھىم ئىجتىمائىي تۈۋرۈكى. بۇ تەشكىلاتلار يېزىلاردىكى باشقۇرۇش ۋە قۇرۇلۇشتا باشقا تەشكىلاتلار ئورنىنى ئالالمايدىغان مۇھىم رولغا ئىگە. بۇ تەشكىلاتلارنىڭ پارتىيە كۆرسەتكەن يۆنىلىش ۋە ئۆزلىرىنىڭ نىزامى بويىچە پائالىيەت ئېلىپ بېرىپ، پارتىيىنىڭ باش ۋەزىپىسىنى ئىشقا ئاشۇرۇش، پارتىيىنىڭ فاڭجېن، سىياسەتلىرىنى ئىزچىللاشتۇرۇش ئۈچۈن تىرىشىپ خىزمەت قىلىشىغا رەھبەرلىك قىلىش ئاساسىي قاتلام پارتىيە تەشكىلاتلىرىنىڭ يادرولۇق رەھبەرلىك رولىنى جارى قىلدۇرۇشىنىڭ مۇھىم يولى. پارتىيە تەشكىلاتلىرى بۇ تەشكىلاتلارنىڭ رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇشقا ئەھمىيەت بېرىشى، بۇ تەشكىلاتلارمۇ پارتىيە تەشكىلاتلىرىنىڭ خىزمىتىنى قوللاپ، پارتىيە تەشكىلاتلىرىنىڭ يادرولۇق رەھبەرلىك ئورنىنى قوغدىشى كېرەك.

دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونلىرىدىكى ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتلار قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش بىر سىستېما قۇرۇلۇشى، بۇنىڭدا چوقۇم ئۇنىۋېرسال ئۇسۇللارنى قوللىنىپ، ئىشنى ئومۇمىي جەھەتتىن باشلىغاندىلا، ئاندىن ئۈنۈم ھاسىل قىلغىلى بولىدۇ. بىز نۇقتىلىق ھالدا ئاساسىي قاتلام پارتىيە تەشكىلاتلىرىدىن ئىبارەت بۇ يادرونىڭ قۇرۇلۇشىنى ئوبدان تۇتۇپ، پارتىيە تەشكىلاتلىرىنىڭ بىر تۇتاش رەھبەرلىكىدە، ھاكىمىيەت تەشكىلاتلىرى، ئۆزىنى ئۆزى ئىدارە قىلىش تەشكىلاتلىرى، ئىقتىسادىي تەشكىلاتلار ۋە ئاممىۋى تەشكىلاتلارنىڭ قۇرۇلۇشىنى ئوبدان ئېلىپ بېرىشىمىز كېرەك. مۇھىم نۇقتىنى گەۋدىلەندۈرۈپ، يۈرۈشلەشتۈرۈشنى ياخشى ئېلىپ بېرىش بۇ قېتىمقى دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونلىرىدىكى ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتلار قۇرۇلۇشىنىڭ بىر كۆرۈنەرلىك ئالاھىدىلىكى.

يېزىلاردىكى ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتلار

قۇرۇلۇشى جەھەتتە، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭمۇ پۈتۈن مەملىكەتنىڭكىگە ئوخشاش، كەنت دەرىجىلىك تەشكىلاتلار ئاجىز بولۇشتەك ئورتاقلىقى ھەم يېزا دەرىجىلىك تەشكىلاتلار ئاجىز بولۇشتەك ئالاھىدىلىكى بار. ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونلىرىدىكى ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتلار قۇرۇلۇشى يېزىلىق، بازارلىق پارتىيە كومىتېتلىرى يادرو قىلىنغان يېزا دەرىجىلىك تەشكىلاتلارنى يۈرۈشلەشتۈرۈش قۇرۇلۇشى بىلەن پارتىيە ياچېيكىلىرى يادرو قىلىنغان كەنت دەرىجىلىك تەشكىلاتلارنى يۈرۈشلەشتۈرۈش قۇرۇلۇشىدىن ئىبارەت ئىككى قاتلامنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. مۇشۇ ئىككى قاتلامدىكى تەشكىلاتلار قۇرۇلۇشى ئىچىدە، يېزا دەرىجىلىك تەشكىلاتلارنىڭ قۇرۇلۇشى ئاچقۇچ ھېسابلىنىدۇ. بۇ ئاچقۇچنى چىڭ تۇتۇپ، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونلىرىدىكى ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتلار قۇرۇلۇشىنىڭ سەۋىيىسىنى ئومۇميۈزلۈك ئۆستۈرۈشىمىز لازىم.

يېزا دەرىجىلىك تەشكىلاتلار قۇرۇلۇشىدا يەنە تۆۋەندىكى مۇنداق بىر نەچچە مەسىلىنى ھەل قىلىشقا ئەھمىيەت بېرىش لازىم: بىرىنچىدىن، يېزىلىق، بازارلىق ھۆكۈمەتلەر نۆۋەتتىكى فۇنكسىيىسى تولۇق بولماسلىق ھالىتىنى ئۆزگەرتىپ، يېزىلىق پارتىيە كومىتېتلىرىنىڭ بىر تۇتاش رەھبەرلىكىدە، يەرلىك تەشكىلىي قانۇندىكى بەلگىلىمىلەر بويىچە ئاپپاراتلارنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، يەرلىك تەشكىلىي قانۇندا بېرىلگەن ھوقۇقنى تولۇق يۈرگۈزۈپ، ئۆز يېزىسى، ئۆز بازىرىنىڭ ئىقتىساد، مەدەنىيەت ۋە ئىجتىمائىي تۇرمۇشىدىكى مەسئۇلىيىتىنى ئۈستىگە ئېلىشى لازىم. ئىككىنچىدىن، يېزىلىق، بازارلىق پارتىيە كومىتېتلىرى مەركىزىي كومىتېتنىڭ پارتىيىنىڭ ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى، كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقى، ئاياللار بىرلەشمىسى خىزمىتىگە بولغان رەھبەرلىكىنى كۈچەيتىش توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇشىنىڭ روھىغا ئاساسەن، ياشلار خىزمىتى، ئاياللار خىزمىتى ۋە خەلق ئەسكەرلىرى خىزمىتىگە ئەھمىيەت بېرىشى ۋە ئۇنى كۈچەيتىشى لازىم. يېزىلىق ئىتتىپاق كومىتېتلىرى، ئاياللار بىرلەشمىلىرى ۋە خەلق قوراللىق كۈچلىرى بۆلۈملىرى پارتىيىنىڭ مەركىزىي ۋەزىپىسىنى چۆرىدىگەن ھالدا، ئاساسلىق زېھنىي كۈچىنى ئۆز خىزمىتى بىلەن شۇغۇللىنىشقا قارىتىشى كېرەك. ئۈچىنچىدىن، يېزا دەرىجىلىك تەشكىلاتلار كەنت دەرىجىلىك تەشكىلاتلارنىڭ قۇرۇلۇشىنى ئۆزىنىڭ مۇھىم بىر بۇرچى قىلىشى لازىم. يېزىلىق، بازارلىق پارتىيە كومىتېتلىرى كەنتلەرنىڭ پارتىيە ياچېيكىسى قۇرۇلۇشىنى تۇتۇشقا زور كۈچ سەرپ قىلىشى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، يېزىلىق ھۆكۈمەتلەرنىڭ كەنت ئۆز - ئۆزىنى ئىدارە قىلىش تەشكىلاتلىرىنىڭ قۇرۇلۇشىنى، يېزىلىق ئىتتىپاق كومىتېتى، ئاياللار بىرلەشمىسىنىڭ كەنت دەرىجىلىك ئاممىۋى تەشكىلاتلارنىڭ قۇرۇلۇشىنى ياخشى تۇتۇشىغا رەھبەرلىك قىلىشى، ھەيدەكچىلىك قىلىشى ۋە ئۇنى قوللىشى كېرەك. «كەنت ئاھالە كومىتېتى تەشكىلىي قانۇنى» دىكى بەلگىلىمىلەرگە ئاساسلانغاندا، كەنت ئاھالە كومىتېتى ئاساسىي قاتلامدىكى ئاممىۋى خاراكتېرلىك ئۆز - ئۆزىنى ئىدارە قىلىش تەشكىلاتى ھېسابلىنىدۇ، شۇڭا، يېزىلىق ھۆكۈمەتلەر ئۇنىڭ قانۇنىي ئورنىغا ھۆرمەت قىلىشى لازىم. لېكىن، يېزىلىق ھۆكۈمەت يېزىلاردىكى ئاساسىي قاتلام ھاكىمىيەت تەشكىلاتى بولۇپ، ئۇ قانۇندىكى بەلگىلىمىلەر بويىچە ئۆز مەمۇرىي رايونى ئىچىدىكى ھەر قايسى ئورۇنلارنى مەمۇرىي جەھەتتىن باشقۇرۇش، ئالاقىدار مەمۇرىي ۋەزىپىلەرنى ئورۇنلاشتۇرۇش ھوقۇقىغا ئىگە. كەنت ئاھالە كومىتېتلىرىنىڭ تۈرلۈك خىزمەتلەرنى يېزىلىق ھۆكۈمەتلەرنىڭ تەلىپى بويىچە پائال قانات يايدۇرۇپ، يېزىلىق ھۆكۈمەتلەر ئورۇنلاشتۇرغان ۋەزىپىلەرنى ئورۇنداش مەسئۇلىيىتى بار.

يېزىلاردىكى ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتلار سىستېمىسىدا كەنت دەرىجىلىك تەشكىلاتلار ئاساسنىڭ ئاساسى. كەنت دەرىجىلىك تەشكىلاتلارنىڭ دېھقان، چارۋىچىلارغا سوتسىيالىزم يۆنىلىشىدە چىڭ تۇرۇش توغرىسىدا تەربىيە بېرىش، ئۇلارنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇش، يېتەكلەش، دېھقان -

چارۋىچىلارنىڭ ئاكتىپلىقىنى قوزغاش، ئۇلارنى ئىشلەپچىقىرىشنى راۋاجلاندۇرۇشقا تەشكىللەش، ئۇنىڭغا رەھبەرلىك قىلىش، دېھقان - چارۋىچىلارنىڭ ئومۇمىي ئىشلىرى ۋە جامائەت پاراۋانلىقى ئىشلىرىنى ياخشى ئىشلەش، دۆلەت تاپشۇرغان تۈرلۈك ۋەزىپىلەرنى ئورۇنداش قاتارلىق جەھەتلەردە بىۋاستە مەسئۇلىيىتى بار. ئاپتونوم رايونىمىزدا كەنت دەرىجىلىك تەشكىلاتلارنىڭ قۇرۇلۇشى يېزا دەرىجىلىك تەشكىلاتلار قۇرۇلۇشىدىنمۇ ئاجىز، يېزىلاردىكى ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتلار قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىشتە چوقۇم كەنت دەرىجىلىك تەشكىلاتلار قۇرۇلۇشىدىن ئىبارەت بۇ مۇھىم نۇقتىنى گەۋدىلەندۈرۈش كېرەك، بۇ خىزمەتنى ئىنچىكە كۆپ كۈچ سەرپ قىلىپ ياخشى ئىشلەش لازىم.

## 3. كادىرلار يېزا ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتلىرى قۇرۇلۇشىدىكى ھەل قىلغۇچ ئامىل

ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتلارنىڭ خىزمەتلەرنى كۈچلۈك قانات يايدۇرالىغان ياكى قانات يايدۇرالمىغانلىقىغا قاراشتا، بۇ تەشكىلاتلاردىكى رەھبەرلىك بەنزىلىرىنىڭ، بولۇپمۇ ئاساسلىق رەھبىرىي كادىرلارنىڭ جان - دىلى بىلەن خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان مۇنەۋۋەرلەردىن تەركىب تاپقان ياكى تاپمىغانلىقىغا قاراش كېرەك. ئىلغار پارتىيە ياچېيكىلىرىنىڭ شۇجىلىرى مۇنداق ئۈچ شەرتنى ھازىرلىغان بولۇشى، يەنى بىرىنچىدىن، غايىلىك، سىياسىي جەھەتتە كۈچلۈك، پارتىيىنىڭ لۇشيەن، فاڭجېن، سىياسەتلىرىنى ۋە دۆلەتنىڭ قانۇن، ئەمىر - پەرمانلىرىنى ئىجرا قىلىشتا قەتئىي، ئەستايىدىل بولغان بولۇشى؛ ئىككىنچىدىن، پاك - دىيانەتلىك بولغان، شەخسىي مەنپەئەتىنى كۆزلىمەيدىغان، زىيان تارتىشتىن قورقمايدىغان، پىداكارلىق روھقا ئىگە بولغان بولۇشى؛ ئۈچىنچىدىن، ئاممىنى ئەمگەك ئارقىلىق بېيىش ۋە ئورتاق بېيىشقا يېتەكلىيەلەيدىغان، غەيرەتلىك، ئىقتىدارلىق بولغان بولۇشى كېرەك. بىز ئاساسىي قاتلام پارتىيە تەشكىلاتلىرىنىڭ شۇجىلىرىنى مۇشۇ ئۆلچەم بويىچە تاللاپ تەيىنلىشىمىز كېرەك. يېزا ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتلىرىدىكى باشقا رەھبىرىي كادىرلارنىمۇ مۇشۇ ئۆلچەم بويىچە تاللاپ ئۈستۈرۈش ۋە ئىشقا قويۇش كېرەك. ئاپتونوم رايونىمىزدا ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداش، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىشنى يېزا كادىرلىرىنىڭ سىياسىي جەھەتتە كۈچلۈك بولغانلىقىنى ئۆلچەشنىڭ مۇھىم ئۆلچىمى قىلىش لازىم.

يېزا دەرىجىلىك تەشكىلاتلارنىڭ كادىرلىرىنى بەلگىلەنگەن شتات بويىچە تولۇقلاپ سەپلەش كېرەك. يېزا كادىرلىرىنى تەكشۈرۈپ سىناش خىزمىتىنى چىڭ تۇتۇپ ئىشلەش كېرەك.

كەڭ يېزا كادىرلىرى يىل بويى ئاساسىي قاتلامدا ئىشلەپ، نۇرغۇن جاپا چەكتى، ھەر دەرىجىلىك پارتىيە كومىتېتلىرى ۋە خەلق ھۆكۈمەتلىرى ئۇلارنى چۈشىنىشى، ئۇلارغا غەمخورلۇق قىلىشى، كۆيۈنۈشى، ئۇلارنىڭ ئەمەلىي قىيىنچىلىقىنى ھەل قىلىشى، ئۇلارنىڭ خىزمىتىنى قوللىشى كېرەك.

## 4. دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونلىرىدىكى ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتلار پارتىيىنىڭ ئاساسىي لۇشيەنىنى ئومۇميۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇش ئۈچۈن تىرىشىپ كۈرەش قىلىشى لازىم

دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونلىرىدىكى ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتلار ئاممىنى ئىقتىسادنى راۋاجلاندۇرۇپ، ئورتاق بېيىشتەك سوتسىيالىزم يولىغا مېڭىشقا ئۇيۇشتۇرۇش ۋە يېتەكلەشنى ئۆزىنىڭ مەركىزىي ۋەزىپىسى قىلىشى كېرەك. ھەر دەرىجىلىك پارتىيە كومىتېتلىرى، خەلق ھۆكۈمەتلىرى ۋە ئالاقىدار تارماقلار بۇ مەركەزنى چۆرىدىگەن ھالدا دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونلىرىدىكى ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتلارنىڭ قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىشى كېرەك. دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونلىرىدىكى ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتلارنىڭ بارلىق پائالىيەتلىرى مۇشۇ مەركەزنى چۆرىدىگەن ھالدا قانات يايدۇرۇلۇشى كېرەك.

«يولداش جياڭ زېمىن يېقىندا شىنجاڭدا خىزمەت تەكشۈرگەندە بىزگە مۇنداق يوليورۇق بەردى: مەھسۇلاتقا بىرلەشتۈرۈپ ئائىلىلەرگە ھۆددىگە بېرىش مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى مۇقىملاشتۇرۇش ئاساسىدا، ئۆز جايىدىكى ئەھۋالنىڭ ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ، مۇلازىمەت سىستېمىسىنى راۋاجلاندۇرۇپ، كوللېكتىپنىڭ بىر تۇتاش مۇلازىمەت ئىقتىدارىنى ئاشۇرۇپ، بىر تۇتاش باشقۇرۇش بىلەن تارقاق باشقۇرۇش بىرلەشتۈرۈلگەن قوش قاتلاملىق ئىگىلىك باشقۇرۇش تۈزۈلمىسىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، كوللېكتىپ ئىگىلىكنىڭ ئەمەلىي كۈچىنى پەيدىنپەي ئاشۇرۇش لازىم. بىز باش شۇجى جياڭ زېمىننىڭ يوليورۇقى بويىچە مەھسۇلاتقا بىرلەشتۈرۈپ ئائىلىلەرگە ھۆددىگە بېرىش مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى تەۋرەنمەي مۇقىملاشتۇرۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا، تۈرلۈك ئۇنۇملۇك يوللار ئارقىلىق، شۇ جايىنىڭ شارائىتىغا يارىشا ئىش كۆرۈپ، تۈرلۈك تەبىئىي بايلىقلاردىن تولۇق پايدىلىنىپ، ئەمگەك كۈچى بايلىقى جەھەتتىكى ئۈستۈنلۈكنى جارى قىلدۇرۇپ، كەنتلەر قۇرغان كارخانىلارنى تىرىشىپ ياخشى باشقۇرۇپ، كوللېكتىپ ئىگىلىكنى پەيدىنپەي زورايتىشىمىز لازىم. دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونلىرى ئۈچۈن بولىدىغان ئىجتىمائىيلاشقان مۇلازىمەتنى تىرىشىپ كۆپەيتىش لازىم. ئاپتونوم رايوننىڭ ھەر قايسى جايلىرىدا ئومۇميۈزلۈك بەرپا قىلىنغان «بەشنى بىر تۇتاش باشقۇرۇش» ئاساسىي مەزمۇن قىلىنغان مۇلازىمەت سىستېمىسى ھەر مىللەت دېھقان - چارۋىچىلارنىڭ ئالقىشلىشىغا ئېرىشتى، ئۇنى قەتئىي داۋاملاشتۇرۇش ھەمدە ئۈزلۈكسىز مۇكەممەللەشتۈرۈش لازىم.

ئەمەلىيەت ئىسپاتلىدىكى، كوللېكتىپنىڭ ئىقتىسادىي كۈچىنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ زورايتقاندىلا، ئاندىن يېزىلاردىكى ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتلارنىڭ ئۇيۇشۇشچانلىقى ۋە جەڭگىۋارلىقىنى ئاشۇرغىلى بولىدۇ، كوللېكتىپ ئىگىلىكنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ زورايتىشتا يەنە «تەكچۈگىلاشتۇرۇش، يۈتكەش» ۋە «داشقايناق» يولىغا مېڭىشقا ھەرگىز بولمايدۇ، كوللېكتىپ ئىگىلىك «قۇرۇق تاغار» بولۇپ قالغان تەقدىردىمۇ ئۇنىڭغا ئاز - ئازدىن جۇغلانما توپلاش، ئۇنى بىر تور - بىر توردىن قۇرۇپ تەدرىجىي يېتىشتۈرۈپ زورايتىش كېرەك.»

## 5. رەھبەرلىكنى كۈچەيتىپ، تەڭ كۈچ چىقىرىپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونلىرىدىكى ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتلار قۇرۇلۇشىنى ۋە يېزا خىزمىتىنى يېڭى بىر سەۋىيىگە كۆتۈرۈش لازىم

دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونلىرىدىكى ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتلارنىڭ قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىشتە ئېنىق يېتەكچى ئىدىيە بولۇشى كېرەك. بۇ يېتەكچى ئىدىيە مەۋقەنى پارتىيىنىڭ يېزا خىزمىتىگە بولغان رەھبەرلىكنى كۈچەيتىش ۋە ياخشىلاشقا قويۇپ، پارتىيىنىڭ دېھقان، چارۋىچىلار ئاممىسى بىلەن بولغان ئالاقىسىنى قويۇقلاشتۇرۇپ، ئىشچى - دېھقانلار ئىتتىپاقىنى كۈچەيتىپ، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى قوغداپ، دېھقان، چارۋىچىلارنى نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ بېيىش، قەتئىي سوتسىيالىزم يولىدا مېڭىشقا يېتەكلەش؛ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشتىن ئىبارەت بۇ مەركەزنى زىچ چۆرىدىگەن ھالدا يېزا ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش بىلەن ئىككى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى زىچ بىرلەشتۈرۈش؛ ئاساسىي قاتلام پارتىيە تەشكىلاتلىرىنىڭ قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىشتىن ئىبارەت بۇ يادرونى گەۋدىلەندۈرۈش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئاساسىي قاتلام ھاكىمىيەت تەشكىلاتلىرىنى، ئۆزىنى ئۆزى ئىدارە قىلىش تەشكىلاتلىرى، ئىقتىسادىي تەشكىلاتلار، كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقى تەشكىلاتى، ئاياللار ۋە خەلق ئەسكەرلىرى تەشكىلاتلىرىنى يۈرۈشلەشتۈرۈش قۇرۇلۇشىنى ياخشى ئېلىپ بېرىش، پارتىيە كومىتېتى، خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ

بىر تۇتاش رەھبەرلىكدە، مۇناسىۋەتلىك تارماقلار ۋە تەشكىلاتلارنى تەڭ كۈچ چىقىرىپ ھەمكارلىشىپ، تەڭ تۇتۇپ ئورتاق باشقۇرۇپ، ئومۇمىي جەڭ ئېلىپ بېرىشتىن ئىبارەت.

ئاپتونوم رايونلۇق 3 - نۆۋەتلىك پارتىيە كومىتېتى 15 - ئومۇمىي (كېڭەيتىلگەن) يىغىنىنىڭ روھىغا ئاساسەن، بۇ يىلدىن باشلاپ ئىككى — ئۈچ يىل ۋاقىت سەرپ قىلىپ، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونلىرىدىكى ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتلار قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىمىز. بۇ جەرياندا يەنە ئىككى خىزمەت ئىشلىنىدۇ، بىرى، يېزىلاردىكى مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى كۈچەيتىلىپ، نىشانلىق ھالدا سوتسىيالىزم، ۋەتەنپەرۋەرلىك، كوللېكتىۋىزم توغرىسىدا، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى قوغداش، مىللىي بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش توغرىسىدا تەربىيە ئېلىپ بېرىلىپ، دىنني باشقۇرۇش كۈچەيتىلىپ، سوتسىيالىستىك ئىدىيە ئارقىلىق يېزا بازىسى ئىگىلىنىدۇ؛ يەنە بىرى، يېزىلاردىكى ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتى چوڭقۇرلاشتۇرۇلۇپ، مەسئۇلىيەتنى بىرلەشتۈرۈپ ئائىلىلەرگە ھۆددىگە بېرىش مەسئۇلىيەت تۈزۈمى مۇقىملاشتۇرۇلۇپ، كوللېكتىپ ئىگىلىك راۋاجلاندۇرۇلۇپ ۋە زورايتىلىپ بىر تۇتاش باشقۇرۇش بىلەن تارقاق باشقۇرۇش بىرلەشتۈرۈلگەن قوش قاتلاملىق ئىگىلىك باشقۇرۇش تۈزۈلمىسى مۇكەممەللەشتۈرۈلىدۇ. بۇ ئۈچ خىزمەت ئورگانىك پۈتۈن گەۋدە بولۇپ، ئۆزئارا مۇناسىۋەتلىك، بىر - بىرىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ، بىر - بىرىنى مەنپەئەتكە ئىگە قىلىدۇ. ۋىلايەت، ناھىيە، يېزىلاردىكى ھەر دەرىجىلىك پارتىيە كومىتېتلىرى ۋە خەلق ھۆكۈمەتلىرى رەھبەرلىكنى كۈچەيتىپ، بۇ ئۈچ خىزمەتنى بىر پۈتۈن گەۋدە قىلىپ بىر تۇتاش تۇتۇشى ھەمدە ئۇنى ئومۇمىي ۋەزىيەتكە مۇناسىۋەتلىك مۇھىم ئورۇنغا قويۇپ تۇتۇشى كېرەك.

بۇ يىل قىش، كېلەر يىل ئەتىيازدا، كۈچنى مەركەزلەشتۈرۈپ دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونلىرىدىكى بوشاڭ، ئاجىز، چېچىلاڭغۇ ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتلارنى تەرتىپكە سېلىش خىزمىتى ئېلىپ بېرىلىدۇ. بۇنىڭدا ئاساسلىقى ئاپتونوم رايوننىڭ يېزىلاردىكى ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتلار قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىشكە دائىر تۆت ھۆججىتىنى ئىزچىللاشتۇرۇش، ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى تۇتۇش كېرەك. قانداق مەسىلە بولسا، شۇ مەسىلىنى ھەل قىلىش كېرەك؛ شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونلىرىدىكى ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتلارنى يۈرۈشلەشتۈرۈش قۇرۇلۇشىنى، مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى، يېزا ئىقتىسادىي تۈزۈلمىسى ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش ئىشىنى ياخشى ئېلىپ بېرىشنى بىر تۇتاش تۇتۇپ ئۇقتىدا سىناق قىلىپ، ئۇقتىدىكى تەجرىبىلەر ئارقىلىق دائىرىدىكى خىزمەتلەرگە يېتەكچىلىك قىلىش كېرەك. بىز شۇنىڭغا ئىشىنىمىزكى، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر دەرىجىلىك پارتىيە كومىتېتلىرى، خەلق ھۆكۈمەتلىرى، ھەر قايسى ئالاقىدار تارماقلار ۋە كەڭ يېزا كادىرلىرىنىڭ ئورتاق تىرىشچانلىق كۆرسىتىشى ئارقىلىق، ئىككى - ئۈچ يىل جاپالىق خىزمەت ئىشلەيدىغانلا بولساق، چوقۇم ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونلىرىدىكى ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتلار قۇرۇلۇشىنىڭ ئومۇمىي سەۋىيىسىدە كۆرۈنەرلىك بىر ئۆسۈش بولىدۇ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىشى ۋە يېزا خىزمىتى يېڭى بىر پەللىگە قەدەم قويىدۇ.

ئاپتونوم رايونلۇق يېزا (چارۋىچىلىق رايونلىرى) ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتلىرى قۇرۇلۇشى خىزمىتى يىغىنىدا سۆزلەنگەن سۆز (قىسقارتىلمىسى)

1990 - يىل 10 - ئاينىڭ 21 - كۈنى

# ج ك پ مەركىزىي ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتىنىڭ ئىقتىسادىي جەھەتتە قانۇن، ئىنتىزامغا خىلاپلىق قىلغان كومپارتىيە ئەزاسىغا پارتىيە ئىنتىزام جازاسى بېرىش توغرىسىدىكى بىر قانچە بەلگىلىمىسى (سىناق تەرىقىسىدە يولغا قويۇلدى)

1990 - يىل 7 - ئاينىڭ 1 - كۈنى

1 - ماددا بۇ بەلگىلىمە ئىقتىسادىي جەھەتتىكى قانۇن ئىنتىزامغا خىلاپلىق قىلىش قىلمىشلىرىغا قارشى كۈرەش قىلىش، چىرىكلەشكەنلەرنى جازالاپ، پارتىيە ئىنتىزامنى چىڭىتىش، پارتىيە تەشكىلاتلىرىنى پاكلاشتۇرۇش، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش ۋە ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشنىڭ ئوڭۇشلۇق ئېلىپ بېرىلىشىغا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن پارتىيە نىزامنامىسى، پارتىيىنىڭ سىياسەتلىرى ۋە دۆلەتنىڭ مۇناسىۋەتلىك قانۇن - نىزاملىرىغا ئاساسەن، تۈزۈپ چىقىلدى.

2 - ماددا ئىقتىسادىي جەھەتتە قانۇن، ئىنتىزامغا خىلاپلىق قىلغان كومپارتىيە ئەزالىرىدىن بۇ بەلگىلىمىگە ئاساسەن پارتىيە ئىنتىزامى جازاسى بېرىشكە تېگىشلىك بولغانلىرىنى بۇ بەلگىلىمە بويىچە بىر تەرەپ قىلىش شەرت.

3 - ماددا كومپارتىيە ئەزالىرىدىن ئىقتىسادىي جەھەتتە قانۇنغا خىلاپلىق قىلىپ، جىنايەت ئۆتكۈزگەنلىكتىن قانۇن بويىچە جازا ھۆكۈم قىلىنغانلىرى بىردەك پارتىيىدىن چىقىرىلىدۇ.

4 - ماددا پارتىيە ۋە دۆلەت خىزمەتچى خادىملىرى، كوللېكتىپ ئىقتىسادىي تەشكىلاتلىرىدىكى خىزمەتچى خادىملار ياكى ئومۇمنىڭ پۇل ۋە ماددىي ئەشيالىرىنى قولىدىن ئۆتكۈزىدىغان، باشقۇرىدىغان خادىملار ئىچىدىكى كومپارتىيە ئەزالىرىدىن ئومۇمنىڭ پۇل ۋە ماددىي ئەشيالىرىغا خىيانەت قىلغانلىرىنىڭ سوممىسى 500 يۈەنگە توشمىغانلىرىغا ئاگاھلاندۇرۇش ياكى قاتتىق ئاگاھلاندۇرۇش جازاسى بېرىلىدۇ، قىلمىشى يېنىك بولغانلىرى جازادىن كەچۈرۈم قىلىنسا بولىدۇ؛ سوممىسى 500 يۈەندىن يۇقىرى 1000 يۈەنگە توشمايدىغانلىرىغا قاتتىق ئاگاھلاندۇرۇش ياكى پارتىيە ئىچىدىكى ۋەزىپىسىدىن ئېلىپ تاشلاش جازاسى بېرىلىدۇ؛ سوممىسى 1000 يۈەندىن يۇقىرى 2000 يۈەنگە توشمايدىغانلىرىغا پارتىيە ئىچىدە قالدۇرۇپ سىناش ياكى پارتىيىدىن چىقىرىش جازاسى بېرىلىدۇ؛ سوممىسى 2000 يۈەندىن يۇقىرى بولغانلىرىغا پارتىيىدىن چىقىرىش جازاسى بېرىلىدۇ. پارتىيە بەدىلى، ئاپەتتىن قۇتقۇزۇش، خەۋپتىن جىددىي قۇتۇلدۇرۇش، كەلكۈندىن مۇداپىئە كۆرۈش، نەپىقە، ئىجتىمائىي ياردەم، نامراتلارنى يۆلەش، يۇقۇملۇق كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش، ئالدىنقى سەپكە ياردەم بېرىشكە دائىر پۇل ۋە ماددىي ئەشيالارغا خىيانەت قىلغانلار ئېغىر ياكى ئېغىرلىتىپ جازالىنىدۇ ھەتتا پارتىيىدىن چىقىرىلىدۇ.

ئىككىدىن ئارتۇق ئادەم بىرلىكتە خىيانەت قىلغان بولسا، ھەر قايسىسىنىڭ بۆلۈشۈۋالغان سوممىسى ۋە ئوينىغان رولىغا ئاساسەن، ئايرىم - ئايرىم ھالدا جازا بېرىلىدۇ. خىيانەتچىلىك گۇرۇھىنىڭ باش ئۇنسۇرىغا شۇ گۇرۇھ خىيانەت قىلغان ئومۇمىي سوممىغا ئاساسەن جازا بېرىلىدۇ؛ باشقا بىرلىكتە خىيانەت قىلغانلار ئىچىدىكى باشچىلىق قىلغۇچىلاردىن قىلمىشى ئېغىر بولغانلىرىغا بىرلىكتە خىيانەت قىلغان ئومۇمىي سوممىغا ئاساسەن جازا بېرىلىدۇ.

5 - ماددا خىزمەتتىكى قولايلىقتىن پايدىلىنىپ، ھەقسىز ئىگىلىۋېلىش ياكى نەرسە - كېرەك سېتىۋالغاندا

پەقەت رەسمىيەت ئورنىدا ئازراق نەق پۇل بېرىش قاتارلىق ئۇسۇللار ئارقىلىق، دۆلەت، كوللېكتىپ، شەخسنىڭ مال - مۈلكىنى ئىگىلىۋالغانلاردىن پۇلغا سۇندۇرغاندا سوممىسى 1000 يۈەنگە توشمىغانلىرىغا ئاگاھلاندۇرۇش جازاسى بېرىلىدۇ، ئۇنىڭ ئىچىدىكى قىلمىشى يېنىك بولغانلىرى جازادىن كەچۈرۈم قىلىنسا بولىدۇ. پۇلغا سۇندۇرغاندا سوممىسى 1000 يۈەندىن يۇقىرى، 5000 يۈەنگە توشمىغانلىرىغا قاتتىق ئاگاھلاندۇرۇش ياكى پارتىيە ئىچىدىكى ۋەزىپىسىدىن ئېلىپ تاشلاش جازاسى بېرىلىدۇ؛ سوممىسى 5000 يۈەندىن يۇقىرى بولغانلىرىغا پارتىيە ئىچىدە قالدۇرۇپ سىناش جازاسى بېرىلىدۇ، قىلمىشى ئېغىر بولغانلىرىغا پارتىيىدىن چىقىرىش جازاسى بېرىلىدۇ.

6 - ماددا تاشقى ئىشلار مۇئامىلىسىدە سوۋغات قوبۇل قىلىپ، دۆلەتنىڭ بەلگىلىمىسى بويىچە تاپشۇرۇشقا تېگىشلىك بولسىمۇ تاپشۇرمىغانلار سوممىسى ۋە قىلمىشىغا ئاساسەن، بۇ بەلگىلىمىنىڭ 4 - ماددىسى بويىچە بىر تەرەپ قىلىنىدۇ.

7 - ماددا پارتىيە ۋە دۆلەت خىزمەتچى خادىملىرى، كوللېكتىپ ئىقتىسادىي تەشكىلاتلاردىكى خىزمەتچى خادىملار ياكى باشقا ھۆكۈمەت ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان خادىملار ئىچىدىكى كومپارتىيە ئەزالىرىدىن خىزمەتتىكى قولايلىقتىن پايدىلىنىپ، ئارىيەت ئېلىش، ئىشلىتىپ كۆرۈش قاتارلىق ناملار بىلەن قىممىتى 2000 يۈەنگە توشمايدىغان ھۆكۈمەتنىڭ مال - مۈلكىنى ئالتە ئايدىن ئارتۇق ئىگىلىۋالغانلارغا ئاگاھلاندۇرۇش جازاسى بېرىلىدۇ. ئۇنىڭ ئىچىدىكى قىلمىشى يېنىك بولغانلىرى جازادىن كەچۈرۈم قىلىنسا بولىدۇ؛ ئىگىلىۋالغان مال - مۈلكىنىڭ قىممىتى 2000 يۈەندىن يۇقىرى، 5000 يۈەندىن تۆۋەن بولغانلىرىغا قاتتىق ئاگاھلاندۇرۇش ياكى پارتىيە ئىچىدىكى ۋەزىپىسىدىن ئېلىپ تاشلاش جازاسى بېرىلىدۇ؛ قىممىتى 5000 يۈەندىن يۇقىرى، 10 مىڭ يۈەندىن تۆۋەن بولغانلىرىغا پارتىيە ئىچىدىكى ۋەزىپىسىدىن ئېلىپ تاشلاش ياكى پارتىيە ئىچىدە قالدۇرۇپ سىناش جازاسى بېرىلىدۇ. قىممىتى 10 مىڭ يۈەندىن يۇقىرى بولغانلىرىغا پارتىيە ئىچىدە قالدۇرۇپ سىناش جازاسى بېرىلىدۇ، قىلمىشى ئېغىر بولغانلىرىغا پارتىيىدىن چىقىرىش جازاسى بېرىلىدۇ.

ئومۇمنىڭ نەرسىلىرىنى ئىشلىتىپ قايتۇرمىغانلار ئومۇمنىڭ نەرسىلىرىنى ئىگىلىۋالغانلىق قاتارىدا قارىلىپ، ئۇنىڭ سوممىسى ۋە قىلمىشىغا ئاساسەن بۇ بەلگىلىمىنىڭ 5 - ماددىسى بويىچە بىر تەرەپ قىلىنىدۇ.

8 - ماددا پارتىيە ۋە دۆلەت خىزمەتچى خادىملىرى، كوللېكتىپ ئىقتىسادىي تەشكىلاتلىرىدىكى خىزمەتچى خادىملار ياكى باشقا ھۆكۈمەت ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان خادىملار ئىچىدىكى كومپارتىيە ئەزالىرىدىن 500 يۈەندىن تۆۋەن پارا قوبۇل قىلغانلىرىغا ئاگاھلاندۇرۇش ياكى قاتتىق ئاگاھلاندۇرۇش جازاسى بېرىلىدۇ. قىلمىشى يېنىك بولغانلىرى جازادىن كەچۈرۈم قىلىنسا بولىدۇ؛ قوبۇل قىلغان پارىسىنىڭ سوممىسى 500 يۈەندىن يۇقىرى 1000 يۈەنگە توشمىغانلىرىغا قاتتىق ئاگاھلاندۇرۇش ياكى پارتىيە ئىچىدىكى ۋەزىپىسىدىن ئېلىپ تاشلاش جازاسى بېرىلىدۇ؛ 1000 يۈەندىن يۇقىرى 2000 يۈەنگە توشمايدىغانلىرىغا پارتىيە ئىچىدە قالدۇرۇپ سىناش ياكى پارتىيىدىن چىقىرىش جازاسى بېرىلىدۇ؛ 2000 يۈەندىن يۇقىرى بولغانلىرىغا پارتىيىدىن چىقىرىش جازاسى بېرىلىدۇ.

پىنسىيە (دەم ئېلىش)گە چىققان خادىملار بۇرۇنقى خىزمەت ۋەزىپىسىنىڭ تەسىرىدىن پايدىلىنىپ، باشقىلارغا مەنپەئەت يەتكۈزۈپ، ئۇلاردىن پۇل ۋە نەرسە - كېرەك قوبۇل قىلغانلار پارا قوبۇل قىلغانلىق قاتارىدا قارىلىپ، ئالدىنقى تارماق بويىچە بىر تەرەپ قىلىنىدۇ.

پارا سوراپ ئالغانلارغا ئېغىر ياكى ئېغىرلىتىپ جازا بېرىلىدۇ.

پۇل ۋە نەرسە - كېرەك تەلەپ قىلىپ، مەقسەتكە يېتەلمىگەنلىكتىن، قارشى تەرەپكە قىيىنچىلىق تۇغدۇرۇپ ئۆچ ئېلىپ، ئۇلارغا زىيان كەلتۈرگەنلەردىن قىلمىشى ئېغىرراق بولغانلىرىغا پارتىيە ئىچىدىكى ۋەزىپىسىدىن ئېلىپ تاشلاش ياكى پارتىيە ئىچىدە قالدۇرۇپ سىناش جازاسى بېرىلىدۇ؛ قىلمىشى ئېغىر بولغانلىرىغا پارتىيىدىن چىقىرىش جازاسى بېرىلىدۇ.

9 ـ ماددا پارتىيە ۋە دۆلەت خىزمەتچى خادىملىرى، كوللېكتىپ ئىقتىسادىي تەشكىلاتلىرىدىكى خىزمەتچى خادىملار ياكى باشقا ھۆكۈمەت ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان خادىملار ئىچىدىكى كومپارتىيە ئەزالىرىدىن ئىقتىسادىي مۇئامىلىدە دۆلەتنىڭ بەلگىلىمىسىگە خىلاپلىق قىلىپ، ھەر خىل ناملار بىلەن شىرىنكانە، رەسمىيەت ھەققى قوبۇل قىلىپ ئۆزىنىڭ قىلىۋالغانلار پارا قوبۇل قىلغانلىق قاتارىدا قارىلىپ، ئۇنىڭ سوممىسى ۋە قىلمىشىغا ئاساسەن، بۇ بەلگىلىمىنىڭ 8 ـ ماددىسى بويىچە بىر تەرەپ قىلىنىدۇ.

پىنسىيە (دەم ئېلىش)گە چىققان خادىملاردىن دۆلەتنىڭ بەلگىلىمىسىگە خىلاپلىق قىلىپ، ھەر خىل ناملار بىلەن شىرىنكانە، رەسمىيەت ھەققى ئېلىپ ئۆزىنىڭ قىلىۋالغانلىرى يۇقىرىقى تارماق بويىچە بىر تەرەپ قىلىنىدۇ.

10 ـ ماددا ئىدارە، تەشكىلات، كارخانا، كەسپىي ئورۇنلار قاراشلىق ئورۇنلىرىدىن، ئىستېمالچىلار، خېرىدارلار ياكى باشقا ئىش بېجىرگۈچى خادىملاردىن پۇل ۋە ماددىي نەرسە سوراپ ئېلىپ ۋە قوبۇل قىلىپ، ئۇلارغا مەنپەئەت يەتكۈزگەن بولسا، بىۋاسىتە مەسئۇل بولغان ئاساسىي باشقۇرغۇچى خادىملار ۋە باشقا بىۋاسىتە مەسئۇل بولغانلار ئىچىدىكى كومپارتىيە ئەزالىرىنىڭ جاۋابكارلىقى سۈرۈشتە قىلىنىدۇ ھەمدە ئۇلارنىڭ ئالغان پۇل ۋە نەرسىلەرنىڭ سوممىسى 2000 يۈەنگە توشمايدىغانلىرىغا ئاگاھلاندۇرۇش جازاسى بېرىلىدۇ. قىلمىشى يېنىك بولغانلىرى جازادىن كەچۈرۈم قىلىنسا بولىدۇ؛ سوممىسى 2000 يۈەندىن يۇقىرى، 10 مىڭ يۈەنگە توشمايدىغانلىرىغا ئاگاھلاندۇرۇش ياكى قاتتىق ئاگاھلاندۇرۇش جازاسى بېرىلىدۇ؛ سوممىسى 10 مىڭ يۈەندىن يۇقىرى بولغانلىرىغا پارتىيە ئىچىدىكى ۋەزىپىسىدىن ئېلىپ تاشلاش ياكى پارتىيە ئىچىدە قالدۇرۇپ سىناش جازاسى بېرىلىدۇ؛ قىلمىشى ئېغىر بولغانلىرىغا پارتىيىدىن چىقىرىش جازاسى بېرىلىدۇ.

پۇل ۋە ماددىي نەرسىلەرنى تەلەپ قىلىپ مەقسەتكە يېتەلمىگەنلىكتىن، قاراشلىق ئورۇنلار، ئىستېمالچىلار، خېرىدارلارغا قەستەن قىيىنچىلىق تۇغدۇرۇپ ئۆچ ئېلىپ، قارشى تەرەپكە زىيان كەلتۈرگەنلەردىن قىلمىشى ئېغىرراق بولغانلىرىغا پارتىيە ئىچىدىكى ۋەزىپىسىدىن ئېلىپ تاشلاش ياكى پارتىيىدە قالدۇرۇپ سىناش جازاسى بېرىلىدۇ؛ قىلمىشى ئېغىر بولغانلىرىغا پارتىيىدىن چىقىرىش جازاسى بېرىلىدۇ. سوراپ ئالغان، قوبۇل قىلغان پۇل ۋە ماددىي نەرسىلەرنى بىرلىشىپ يەڭ ئىچىدە بۆلۈشۈۋالغانلار پارا قوبۇل قىلغانلار قاتارىدا قارىلىپ، شەخسنىڭ بۆلۈشۈۋالغان سوممىسى ۋە ئوينىغان رولىغا ئاساسەن، بۇ بەلگىلىمىنىڭ 8 ـ ماددىسى بويىچە بىر تەرەپ قىلىنىدۇ.

11 ـ ماددا پارتىيە ۋە دۆلەت خىزمەتچى خادىملىرى، كوللېكتىپ ئىقتىسادىي تەشكىلاتلىرىدىكى خىزمەتچى خادىملار ياكى باشقا ھۆكۈمەت ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان خادىملار ئىچىدىكى كومپارتىيە ئەزالىرى، مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلارنىڭ ياكى شەخسلەرنىڭ تۈرلۈك ناملار بىلەن تەقدىم قىلغان قىممىتى 1000 يۈەنگە يەتمەيدىغان سوۋغاتلىرىنى قوبۇل قىلىپ، دۆلەتنىڭ بەلگىلىمىسى بويىچە ھۆكۈمەتكە تاپشۇرۇشقا تېگىشلىك بولسىمۇ، تاپشۇرمىغانلارغا ئاگاھلاندۇرۇش ياكى قاتتىق ئاگاھلاندۇرۇش جازاسى بېرىلىدۇ، قىلمىشى يېنىك بولغانلىرى جازادىن كەچۈرۈم قىلىنسا بولىدۇ؛ قوبۇل قىلغان سوۋغاتلىرىنىڭ قىممىتى 1000 يۈەندىن يۇقىرى، 5000 يۈەنگە توشمايدىغانلىرىغا قاتتىق ئاگاھلاندۇرۇش ياكى پارتىيە ئىچىدىكى ۋەزىپىسىدىن ئېلىپ تاشلاش جازاسى بېرىلىدۇ؛ قىممىتى 5000 يۈەندىن يۇقىرى بولغانلىرىغا پارتىيە ئىچىدىكى ۋەزىپىسىدىن ئېلىپ تاشلاش ياكى پارتىيە ئىچىدە قالدۇرۇپ سىناش جازاسى بېرىلىدۇ، قىلمىشى ئېغىر بولغانلىرىغا پارتىيىدىن چىقىرىش جازاسى بېرىلىدۇ.

12 ـ ماددا ئىدارە، تەشكىلات، كارخانا، كەسپىي ئورۇنلار مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلاردىن ياكى شەخسلەردىن سوۋغات قوبۇل قىلىپ، دۆلەتنىڭ بەلگىلىمىسى بويىچە ھۆكۈمەتكە تاپشۇرۇشقا تېگىشلىك بولسىمۇ تاپشۇرمىغان بولسا، بىۋاسىتە مەسئۇل بولغان ئاساسلىق باشقۇرغۇچى خادىملار ۋە باشقا بىۋاسىتە مەسئۇل بولغان خادىملار ئىچىدىكى

كومپارتىيە ئەزالىرىنىڭ جاۋابكارلىقى سۈرۈشتە قىلىنىدۇ. ھەمدە قوبۇل قىلغان سوۋغىتىنىڭ قىممىتى 10 مىڭ يۈەنگە توشمىغانلىرىغا ئاگاھلاندۇرۇش ياكى قاتتىق ئاگاھلاندۇرۇش جازاسى بېرىلىدۇ، قىلمىشى يېنىك بولغانلىرى جازادىن كەچۈرۈم قىلىنسا بولىدۇ؛ قىممىتى 10 مىڭ يۈەندىن يۇقىرى بولغانلىرىغا ياكى شۇ ئورۇننىڭ كىشى بېشىغا ھېسابلىغاندا 500 يۈەندىن ئېشىپ كەتكەنلىرىگە پارتىيە ئىچىدىكى ۋەزىپىسىدىن ئېلىپ تاشلاش جازاسى بېرىلىدۇ.

قوبۇل قىلىنغان سوۋغىلارنى ئاز ساندىكى ئادەملەر بۆلۈشۈۋېلىپ يەڭ ئىچىدە بۇلۇشۇۋالغان بولسا، خىيانەت قىلغانلىق قاتارىدا قارىلىپ، شەخسنىڭ ئالغان سوممىسى ۋە ئوينىغان رولىغا ئاساسەن، بۇ بەلگىلىمىنىڭ 4 ـ ماددىسى بويىچە بىر تەرەپ قىلىنىدۇ.

13 ـ ماددا پارتىيە ۋە دۆلەت خىزمەتچى خادىملىرى، كوللېكتىپ ئىقتىسادىي تەشكىلاتلىرىدىكى خىزمەتچى خادىملار ياكى باشقا ھۆكۈمەت ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان خادىملار ئىچىدىكى كومپارتىيە ئەزالىرى خىزمەتتىكى قولايلىقتىن پايدىلىنىپ، باشقىلارغا مەنپەئەت يەتكۈزگەنلىكى ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ ئاتا ـ ئانىلىرى، جۆرىلىرى، پەرزەنتلىرى ۋە ئۇلارنىڭ جۆرىلىرى قارشى تەرەپتىن پۇل ۋە ماددىي نەرسىلەرنى قوبۇل قىلغان بولسا، گەرچە شۇ كىشىنىڭ ئۆزىنىڭ ئۇقىدىغان ـ ئۇقمايدىغانلىقىنى ئېنىقلىيالمىغان بولسىمۇ، شۇ پارتىيە ئەزاسىنىڭ مەسئۇلىيىتى سۈرۈشتە قىلىنىدۇ ھەمدە قوبۇل قىلغان پۇل ۋە نەرسىلەرنىڭ قىممىتى 5000 يۈەنگە توشمايدىغانلىرىغا ئاگاھلاندۇرۇش، قاتتىق ئاگاھلاندۇرۇش ياكى پارتىيە ئىچىدىكى ۋەزىپىسىدىن ئېلىپ تاشلاش جازاسى بېرىلىدۇ؛ قىممىتى 5000 يۈەندىن يۇقىرى بولغانلىرىغا پارتىيە ئىچىدىكى ۋەزىپىسىدىن ئېلىپ تاشلاش ياكى پارتىيە ئىچىدە قالدۇرۇپ سىناش جازاسى بېرىلىدۇ، قىلمىشى ئېغىر بولغانلىرىغا پارتىيىدىن چىقىرىش جازاسى بېرىلىدۇ.

14 ـ ماددا پارتىيە ۋە دۆلەت خىزمەتچى خادىملىرى، كوللېكتىپ ئىقتىسادىي تەشكىلاتلىرىدىكى خىزمەتچى خادىملار ياكى باشقا ھۆكۈمەت ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان خادىملارغا پارا بەرگەنلەر پارىسىنىڭ سوممىسى ۋە قىلمىشىغا ئاساسەن، بۇ بەلگىلىمىنىڭ 8 ـ ماددىسى بويىچە بىر تەرەپ قىلىنىدۇ.

ئىقتىسادىي مۇئامىلىدە، دۆلەتنىڭ بەلگىلىمىسىگە خىلاپلىق قىلىپ، پارتىيە ۋە دۆلەت خىزمەتچى خادىملىرى، كوللېكتىپ ئىقتىسادىي تەشكىلاتلىرىدىكى خىزمەتچى خادىملار ياكى باشقا ھۆكۈمەت ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان خادىملارغا شىبىرنىكانە، رەسمىيەت ھەققى بەرگەنلەر، پارا بەرگەنلىك قاتارىدا قارىلىپ، يۇقىرىقى تارماق بويىچە بىر تەرەپ قىلىنىدۇ.

پارا بېرىش تۈپەيلىدىن دۆلەت ۋە كوللېكتىپقا ياكى خەلق مەنپەئىتىگە زور زىيان كەلتۈرگەنلەرگە ئېغىرلىتىپ جازا بېرىلىدۇ، ھەتتا پارتىيىدىن چىقىرىلىدۇ.

15 ـ ماددا ھارام پايدا كۆزلەپ پارتىيە ۋە دۆلەت خىزمەتچى خادىملىرى، كوللېكتىپ ئىقتىسادىي تەشكىلاتلىرىدىكى خىزمەتچى خادىملار ياكى باشقا ھۆكۈمەت ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان خادىملارغا پارا بەرگەن ياكى دۆلەتنىڭ بەلگىلىمىسىگە خىلاپ ھالدا شىبىرنىكانە، رەسمىيەت ھەققى بەرگەن ئىدارە، تەشكىلات، كارخانا، كەسپىي ئورۇنلارنىڭ بىۋاستە مەسئۇل بولغان ئاساسلىق باشقۇرغۇچى خادىملىرى ۋە باشقا بىۋاستە مەسئۇل بولغان خادىملىرى ئىچىدىكى كومپارتىيە ئەزالىرىنىڭ مەسئۇلىيىتى سۈرۈشتە قىلىنىپ، قىلمىشى ئېغىرراق بولغانلىرىغا ئاگاھلاندۇرۇش، قاتتىق ئاگاھلاندۇرۇش ياكى پارتىيە ئىچىدىكى ۋەزىپىسىدىن ئېلىپ تاشلاش جازاسى بېرىلىدۇ؛ قىلمىشى ئېغىر بولغانلىرىغا پارتىيە ئىچىدە قالدۇرۇپ سىناش جازاسى ياكى پارتىيىدىن چىقىرىش جازاسى بېرىلىدۇ.

16 ـ ماددا ئومۇمنىڭ ۋە شەخسنىڭ مال ـ مۈلكىنى ئوغرىلىغانلاردىن ئوغرىلانغان مال ـ مۈلۈكنىڭ قىممىتى 100

يۈەنگە توشمايدىغانلىرىغا ئاگاھلاندۇرۇش جازاسى بېرىلىدۇ، قىلمىشى يېنىك بولغانلىرى جازادىن كەچۈرۈم قىلىنسا بولىدۇ؛ ئوغرىلانغان مال ـ مۈلكنىڭ قىممىتى 100 يۈەندىن يۇقىرى، 200 يۈەنگە توشمايدىغانلىرىغا قاتتىق ئاگاھلاندۇرۇش ياكى پارتىيە ئىچىدىكى ۋەزىپىسىدىن ئېلىپ تاشلاش جازاسى بېرىلىدۇ؛ 200 يۈەندىن يۇقىرى، 300 يۈەنگە توشمايدىغانلىرىغا پارتىيە ئىچىدە قالدۇرۇپ سىناش ياكى پارتىيىدىن چىقىرىش جازاسى بېرىلىدۇ؛ 300 يۈەندىن يۇقىرى بولغانلىرىغا پارتىيىدىن چىقىرىش جازاسى بېرىلىدۇ.

17 ـ ماددا ئومۇمنىڭ ۋە شەخسنىڭ مال ـ مۈلكىنى ئالدىۋالغانلاردىن، ئالدىۋالغان مال ـ مۈلكنىڭ قىممىتى 100 يۈەنگە توشمىغانلىرىغا ئاگاھلاندۇرۇش جازاسى بېرىلىدۇ، قىلمىشى يېنىك بولغانلىرى جازادىن كەچۈرۈم قىلىنسا بولىدۇ؛ قىممىتى 100 يۈەندىن يۇقىرى، 300 يۈەنگە توشمايدىغانلىرىغا قاتتىق ئاگاھلاندۇرۇش ياكى پارتىيە ئىچىدىكى ۋەزىپىسىدىن ئېلىپ تاشلاش جازاسى بېرىلىدۇ؛ قىممىتى 300 يۈەندىن يۇقىرى، 500 يۈەنگە توشمايدىغانلىرىغا پارتىيە ئىچىدە قالدۇرۇپ سىناش ياكى پارتىيىدىن چىقىرىش جازاسى بېرىلىدۇ؛ قىممىتى 500 يۈەندىن يۇقىرى بولغانلىرىغا پارتىيىدىن چىقىرىش جازاسى بېرىلىدۇ.

18 ـ ماددا ئىدارە، تەشكىلات، كارخانا، كەسپىي ئورۇنلار مال ـ مۈلۈك ئالدىۋالغان بولسا، بۇ ئورۇنلاردىكى بىۋاسىتە مەسئۇلىيىتى بار بولغان ئاساسلىق باشقۇرغۇچى خادىملار ۋە باشقا بىۋاسىتە مەسئۇلىيىتى بار خادىملار ئىچىدىكى كومپارتىيە ئەزالىرىنىڭ جاۋابكارلىقى سۈرۈشتۈرۈلۈپ، قىلمىشى يېنىكرەك بولغانلىرىغا ئاگاھلاندۇرۇش ياكى قاتتىق ئاگاھلاندۇرۇش جازاسى بېرىلىدۇ؛ قىلمىشى ئېغىرراق بولغانلىرىغا پارتىيە ئىچىدىكى ۋەزىپىسىدىن ئېلىپ تاشلاش ياكى پارتىيە ئىچىدە قالدۇرۇپ سىناش جازاسى بېرىلىدۇ؛ قىلمىشى ئېغىر بولغانلىرىغا پارتىيىدىن چىقىرىش جازاسى بېرىلىدۇ.

19 ـ ماددا تەھدىت سېلىش ياكى بېسىم ئىشلىتىش ۋاستىسىنى قوللىنىپ، ئومۇمنىڭ مال ـ مۈلۈكلىرىنى قاقتى ـ سوقتى قىلغانلارغا پارتىيىدىن چىقىرىش جازاسى بېرىلىدۇ؛ قىلمىشى يېنىكرەك بولغانلىرىغا پارتىيىدە قالدۇرۇپ سىناش جازاسى بېرىلىدۇ.

20 ـ ماددا تاموژنا قائىدە ـ قانۇنلىرىغا خىلاپلىق قىلىپ ئەتكەسچىلىك قىلغانلاردىن ئەتكەس ماللىرىنىڭ قىممىتى 3000 يۈەنگە توشمىغانلىرىغا ئاگاھلاندۇرۇش جازاسى بېرىلىدۇ. قىلمىشى يېنىك بولغانلىرى جازادىن كەچۈرۈم قىلىنسا بولىدۇ؛ قىممىتى 3000 يۈەندىن يۇقىرى 10 مىڭ يۈەنگە توشمايدىغانلىرىغا قاتتىق ئاگاھلاندۇرۇش جازاسى ياكى پارتىيە ئىچىدىكى ۋەزىپىسىدىن ئېلىپ تاشلاش جازاسى بېرىلىدۇ؛ قىممىتى 10 مىڭ يۈەندىن يۇقىرى 20 مىڭ يۈەنگە توشمايدىغانلىرىغا پارتىيىدە قالدۇرۇپ سىناش ياكى پارتىيىدىن چىقىرىش جازاسى بېرىلىدۇ؛ قىممىتى 20 مىڭ يۈەندىن يۇقىرى بولغانلىرىغا پارتىيىدىن چىقىرىش جازاسى بېرىلىدۇ.

شەھۋانە بۇيۇملارنى ئەتكەسچىلىك قىلغانلاردىن قىلمىشى يېنىكرەك بولغانلىرىغا ئاگاھلاندۇرۇش ياكى قاتتىق ئاگاھلاندۇرۇش جازاسى بېرىلىدۇ؛ قىلمىشى ئېغىرراق بولغانلىرىغا پارتىيە ئىچىدىكى ۋەزىپىسىدىن ئېلىپ تاشلاش ياكى پارتىيىدە قالدۇرۇپ سىناش جازاسى بېرىلىدۇ؛ پايدا ئېلىشنى ياكى تارقىتىشنى مەقسەت قىلغانلارغا پارتىيىدىن چىقىرىش جازاسى بېرىلىدۇ.

زەھەرلىك چېكىملىك، قورال ـ ياراق، ئوق ـ دورا، يالغان پۇل، دۆلەت تەرىپىدىن ئېكسپورت قىلىش مەنئىي قىلىنغان قىممەتلىك مەدەنىي يادىكارلىقلار، قىممەتلىك ھايۋاناتلار ۋە ئۈنىڭدىن ياسالغان بۇيۇملار، ئالتۇن ـ كۈمۈش ياكى باشقا قىممەتلىك مېتاللارنى ئەتكەسچىلىك قىلغانلارغا پارتىيىدىن چىقىرىش جازاسى بېرىلىدۇ.

خىزمىتىدىكى قولايلىقتىن پايدىلىنىپ ئەتكەسچىلىك قىلغانلارغا ئېغىر جازا بېرىلىدۇ.

21 ـ ماددا ئىدارە، تەشكىلات، كارخانا، كەسپىي ئورۇنلار ئەتكەسچىلىك بىلەن شۇغۇللانسا، بىۋاسىتە مەسئۇلىيىتى بار ئاساسلىق باشقۇرغۇچى خادىملار ۋە باشقا بىۋاسىتە مەسئۇلىيىتى بار خادىملار ئىچىدىكى كومپارتىيە

ئەزالىرىنىڭ جاۋابكارلىقى سۈرۈشتۈرۈلىدۇ. ئەگەر ماللارنىڭ قىممىتى 30 مىڭ يۈەنگە توشمىغانلارغا ئاگاھلاندۇرۇش جازاسى بېرىلىدۇ، ئۇنىڭ ئىچىدىكى قىلمىشى يېنىك بولغانلىرى جازادىن كەچۈرۈم قىلىنسا بولىدۇ؛ قىممىتى 30 مىڭ يۈەندىن يۇقىرى 100 مىڭ يۈەنگە توشمايدىغانلىرىغا ئاگاھلاندۇرۇش ياكى قاتتىق ئاگاھلاندۇرۇش جازاسى بېرىلىدۇ؛ قىممىتى 100 مىڭ يۈەندىن يۇقىرى 300 مىڭ يۈەنگە توشمايدىغانلارغا پارتىيە ئىچىدىكى ۋەزىپىسىدىن ئېلىپ تاشلاش ياكى پارتىيىدە قالدۇرۇپ سىناش جازاسى بېرىلىدۇ؛ قىممىتى 300 مىڭ يۈەندىن يۇقىرى بولغانلارغا پارتىيىدىن چىقىرىش جازاسى بېرىلىدۇ.

ئىدارە، تەشكىلات، كارخانا، كەسپىي ئورۇنلار زەھەرلىك چېكىملىك، قورال - ياراق، ئوق - دورا، يالغان پۇل، دۆلەت تەرىپىدىن ئېكسپورت قىلىش مەنئى قىلىنغان قىممەتلىك مەدەنىي يادىكارلىقلار، قىممەتلىك ھايۋاناتلار ۋە ئۇلاردىن ياسالغان بۇيۇملار، ئالتۇن - كۈمۈش ياكى باشقا قىممەتلىك مېتاللارنى ئەتكەسچىلىك قىلسا ياكى پايدا ئېلىش، ئارقىتىش مەقسىتىدە شەھۋانە بۇيۇملارنى ئەتكەسچىلىك قىلسا شۇ ئورۇنلاردىكى بىۋاسىتە مەسئۇلىيىتى بار ئاساسلىق باشقۇرغۇچى خادىملار ۋە باشقا بىۋاسىتە مەسئۇلىيىتى بار خادىملار ئىچىدىكى پارتىيە ئەزالىرىغا پارتىيىدىن چىقىرىش جازاسى بېرىلىدۇ.

22 - ماددا ھايانكەشلىك ھەرىكەتلىرى بىلەن شۇغۇللانغانلاردىن، قانۇنسىز تىجارەت سوممىسى 300 يۈەنگە توشمىغانلىرىغا ياكى شەخسنىڭ قانۇنسىز تاپاۋىتى 1000 يۈەنگە توشمايدىغانلىرىغا ئاگاھلاندۇرۇش جازاسى بېرىلىدۇ. قىلمىشى يېنىك بولغانلىرى جازادىن كەچۈرۈم قىلىنسا بولىدۇ. قانۇنسىز تىجارەت سوممىسى 3000 يۈەندىن يۇقىرى 5000 يۈەنگە توشمايدىغانلىرى ياكى شەخسنىڭ قانۇنسىز تاپاۋىتى 1000 يۈەندىن يۇقىرى 2000 يۈەنگە توشمايدىغانلىرىغا قاتتىق ئاگاھلاندۇرۇش ياكى پارتىيە ئىچىدىكى ۋەزىپىسىدىن ئېلىپ تاشلاش جازاسى بېرىلىدۇ؛ قانۇنسىز تىجارەت سوممىسى 5000 يۈەندىن يۇقىرى 10 مىڭ يۈەنگە توشمايدىغانلىرى ياكى شەخسنىڭ قانۇنسىز تاپاۋىتى 2000 يۈەندىن يۇقىرى 3000 يۈەنگە توشمايدىغانلىرىغا پارتىيە ئىچىدە قالدۇرۇپ سىناش ياكى پارتىيىدىن چىقىرىش جازاسى بېرىلىدۇ؛ قانۇنسىز تىجارەت سوممىسى 10 مىڭ يۈەندىن يۇقىرى بولغانلىرى ياكى شەخسنىڭ قانۇنسىز تاپاۋىتى 3000 يۈەندىن يۇقىرى بولغانلىرىغا پارتىيىدىن چىقىرىش جازاسى بېرىلىدۇ.

زەھەرلىك چېكىملىك، قورال - ياراق، ئوق - دورا، ئالتۇن، يالغان پۇل، قىممەتلىك مەدەنىي يادىكارلىقلار، قىممەتلىك ھايۋاناتلار ۋە ئۇنىڭدىن ياسالغان بۇيۇملارنى ئېلىپ - ساتقانلارغا پارتىيىدىن چىقىرىش جازاسى بېرىلىدۇ.

خىزمەتتىكى قولايلىقتىن پايدىلىنىپ ھايانكەشلىك قىلغانلارغا ئېغىر جازا بېرىلىدۇ.

يالغان دېھقانچىلىق دورىسى، ئۇرۇق، خىمىيىۋى ئوغۇت ۋە يالغان دورا، ھاراق قاتارلىق ساختا، ناچار تاۋارلارنى ئىشلەپچىقارغان، ساتقان، ئېلىپ ساتقانلار ياكى ئاپەتتىن قۇتقۇزۇش، خەۋپ - خەتەردىن قۇتۇلدۇرۇش قاتارلىق ئالاھىدە مۇھىم ئىشلارغا ئىشلىتىلىدىغان پۇل ۋە ماددىي نەرسىلەرنى ھايانكەشلىك قىلغانلارغا قاتتىق چارە كۆرۈلىدۇ، ئېغىر ئاقىۋەت كەلتۈرگەنلەرگە پارتىيىدىن چىقىرىش جازاسى بېرىلىدۇ.

23 - ماددا ئىدارە، تەشكىلات، كارخانا كەسپىي ئورۇنلار ھايانكەشلىك قىلسا، بىۋاسىتە مەسئۇلىيىتى بار ئاساسلىق باشقۇرغۇچى خادىملار ۋە باشقا بىۋاسىتە مەسئۇلىيىتى بار خادىملار ئىچىدىكى كومپارتىيە ئەزالىرىنىڭ جاۋابكارلىقى سۈرۈشتۈرۈلىدۇ. قانۇنسىز تىجارەت سوممىسى 100 مىڭ يۈەنگە توشمايدىغانلار ياكى قانۇنسىز تاپقان پايدىسى 50 مىڭ يۈەنگە توشمايدىغانلىرىغا ئاگاھلاندۇرۇش ياكى قاتتىق ئاگاھلاندۇرۇش جازاسى بېرىلىدۇ، قىلمىشى يېنىك بولغانلىرى جازادىن كەچۈرۈم قىلىنسا بولىدۇ؛ قانۇنسىز تىجارەت سوممىسى 100 مىڭ يۈەندىن يۇقىرى 300 مىڭ يۈەنگە توشمايدىغانلىرى ياكى قانۇنسىز تاپقان پايدىسى 50 مىڭ يۈەندىن يۇقىرى 100 مىڭ يۈەنگە توشمايدىغانلىرىغا پارتىيە ئىچىدىكى ۋەزىپىسىدىن ئېلىپ تاشلاش ياكى پارتىيىدە قالدۇرۇپ سىناش جازاسى

بېرىلىدۇ؛ قانۇنسىز تىجارەت سوممىسى 300 مىڭ يۈەندىن يۇقىرى بولغانلىرى ياكى قانۇنسىز تاپقان پايدىسى 100 مىڭ يۈەندىن يۇقىرى بولغانلىرىغا پارتىيىدىن چىقىرىش جازاسى بېرىلىدۇ.

ئىدارە، تەشكىلات، كارخانا، كەسپىي ئورۇنلار زەھەرلىك چېكىملىكلەر، قورال - ياراق، ئوق - دورا، ئالتۇن، يالغان پۇل، قىممەتلىك مەدەنىي يادىكارلىقلار، قىممەتلىك ھايۋاناتلار ۋە ئۇنىڭدىن ياسالغان بۇيۇملارنى ئېلىپ - ساتسا، بىۋاستە مەسئۇلىيىتى بار ئاساسلىق باشقۇرغۇچى خادىملار ۋە باشقا بىۋاستە مەسئۇلىيىتى بار خادىملارغا پارتىيىدىن چىقىرىش جازاسى بېرىلىدۇ.

يالغان دېھقانچىلىق دورىسى، ئۇرۇق، خىمىيىۋى ئوغۇت ۋە يالغان دورا، ھاراق قاتارلىق ساختا، ناچار تاۋارلارنى ئىشلەپچىقارغان، ساتقان، ئېلىپ - ساتقانلار ياكى ئاپەتتىن قۇتقۇزۇش، خېيىم - خەتەردىن قۇتۇلدۇرۇش قاتارلىق ئالاھىدە مۇھىم ئىشلارغا ئىشلىتىلىدىغان پۇل ۋە ماددىي نەرسىلەرنى ھاياكەشلىك قىلغانلارغا ئېغىرلىتىپ جازا بېرىلىدۇ؛ ئېغىر ئاقىۋەت كەلتۈرگەنلەرگە پارتىيىدىن چىقىرىش جازاسى بېرىلىدۇ.

24 - ماددا ئىدارە، تەشكىلات، كارخانا، كەسپىي ئورۇنلار دۆلەتنىڭ مالىيە قانۇن - نىزاملىرىغا خىلاپلىق قىلىپ، دۆلەت مالىيىسىگە تاپشۇرۇشقا تېگىشلىك بولغان كىرىملەرنى يوشۇرغان، تۇتۇپ قالغان بولسا، بىۋاستە مەسئۇلىيىتى بار ئاساسلىق باشقۇرغۇچى خادىملار ۋە باشقا بىۋاستە مەسئۇلىيىتى بار خادىملار ئىچىدىكى كومپارتىيە ئەزالىرىنىڭ جاۋابكارلىقى سۈرۈشتۈرۈلىدۇ. قىلمىشى ئېغىرراق بولغانلىرىغا ئاگاھلاندۇرۇش ياكى قاتتىق ئاگاھلاندۇرۇش جازاسى بېرىلىدۇ. قىلمىشى ئېغىر بولغانلىرىغا پارتىيە ئىچىدىكى ۋەزىپىسىدىن ئېلىپ تاشلاش ياكى پارتىيە ئىچىدە قالدۇرۇپ سىناش جازاسى بېرىلىدۇ.

يوشۇرغان، تۇتۇپ قالغان پۇلنى شېرىكلىشىپ يەڭ ئىچىدە بۆلۈشىۋالغانلار خىيانەت قىلغانلىق قاتارىدا قارىلىپ، شەخسنىڭ بۆلۈشىۋالغان سوممىسى ۋە ئوينىغان رولىغا ئاساسەن، مۇشۇ بەلگىلىمىنىڭ 4 - ماددىسى بويىچە بىر تەرەپ قىلىنىدۇ.

25 - ماددا ئىدارە، تەشكىلات، كارخانا، كەسپىي ئورۇنلار دۆلەت مالىيىسىدىن ئاجرىتىلىدىغان پۇلنى ياكى قوشۇمچە ياردەم پۇلنى يالغان مەلۇم قىلىپ، كۆز بوياپ ئېلىۋالغان بولسا، بىۋاستە مەسئۇلىيىتى بار ئاساسلىق باشقۇرغۇچى خادىملار ۋە باشقا بىۋاستە مەسئۇلىيىتى بار خادىملار ئىچىدىكى كومپارتىيە ئەزالىرىنىڭ جاۋابكارلىقى سۈرۈشتۈرۈلىدۇ. قىلمىشى ئېغىرراق بولغانلىرىغا ئاگاھلاندۇرۇش ياكى قاتتىق ئاگاھلاندۇرۇش جازاسى بېرىلىدۇ؛ قىلمىشى ئېغىر بولغانلىرىغا پارتىيە ئىچىدىكى ۋەزىپىسىدىن ئېلىپ تاشلاش ياكى پارتىيە ئىچىدە قالدۇرۇپ سىناش جازاسى بېرىلىدۇ.

يالغان مەلۇم قىلىپ كۆز بوياپ ئېلىۋالغان پۇلنى بىرلىشىپ يەڭ ئىچىدە بۆلۈشىۋالغانلار خىيانەت قىلغانلىق قاتارىدا قارىلىپ، شەخسنىڭ بۆلۈشىۋالغان سوممىسى ۋە ئوينىغان رولىغا ئاساسەن بۇ بەلگىلىمىنىڭ 4 - ماددىسى بويىچە بىر تەرەپ قىلىنىدۇ.

26 - ماددا پارتىيە ۋە دۆلەت خىزمەتچى خادىملىرى، كوللېكتىپ ئىقتىسادىي تەشكىلاتلىرىدىكى خىزمەتچى خادىملار ياكى ئومۇمنىڭ پۇل ۋە ماددىي نەشيالىرىنى قولدىن ئۆتكۈزىدىغان، باشقۇرىدىغان باشقا خادىملار ئىچىدىكى كومپارتىيە ئەزالىرى خىزمەتتىكى قولايلىقتىن پايدىلىنىپ، ئومۇمنىڭ پۇلنى يۆتكەپ شەخسىي ئىشى ئۈچۈن ئۈچ ئايدىن ئارتۇق ۋاقىت ئىشلەتسە ياكى ئومۇمنىڭ پۇلنى يۆتكەپ ئىشلىتىپ، پايدا تېپىش ھەرىكىتى بىلەن شۇغۇللانسا، يۆتكەپ ئىشلەتكەن پۇلنىڭ سوممىسى 1000 يۈەنگە توشمايدىغانلىرىغا ئاگاھلاندۇرۇش ياكى قاتتىق ئاگاھلاندۇرۇش جازاسى بېرىلىدۇ، قىلمىشى يېنىك بولغانلىرى جازادىن كەچۈرۈم قىلىنسا بولىدۇ؛ سوممىسى 1000 يۈەندىن يۇقىرى 3000 يۈەنگە توشمايدىغانلىرىغا پارتىيە ئىچىدىكى ۋەزىپىسىدىن

ئېلىپ تاشلاش ياكى پارتىيە ئىچىدە قالدۇرۇپ سىناق جازاسى بېرىلىدۇ؛ سومماسى 3000 يۈەندىن يۇقىرى 5000 يۈەنگىچە توشمايدىغانلىرىغا پارتىيە ئىچىدە قالدۇرۇپ سىناش ياكى پارتىيىدىن چىقىرىش جازاسى بېرىلىدۇ. سومماسى 5000 يۈەندىن يۇقىرى بولغانلىرىغا پارتىيىدىن چىقىرىش جازاسى بېرىلىدۇ.

ئومۇمنىڭ پۇلىنى يۇتكەپ ئىشلىتىپ قانۇنسىز ھەرىكەت ئېلىپ بارسا، يۇتكەپ ئىشلەتكەن پۇلنىڭ سومماسى 500 يۈەنگىچە توشمايدىغانلىرىغا ئاگاھلاندۇرۇش ياكى قاتتىق ئاگاھلاندۇرۇش جازاسى بېرىلىدۇ، قىلمىشى يېنىك بولغانلىرى جازادىن كەچۈرۈم قىلىنسا بولىدۇ، سومماسى 500 يۈەندىن يۇقىرى 1000 يۈەنگىچە توشمايدىغانلىرىغا قاتتىق ئاگاھلاندۇرۇش ياكى پارتىيە ئىچىدىكى ۋەزىپىسىدىن ئېلىپ تاشلاش جازاسى بېرىلىدۇ؛ سومماسى 1000 يۈەندىن يۇقىرى 2000 يۈەنگىچە توشمايدىغانلىرىغا پارتىيە ئىچىدە قالدۇرۇپ سىناش ياكى پارتىيىدىن چىقىرىش جازاسى بېرىلىدۇ؛ سومماسى 2000 يۈەندىن يۇقىرى بولغانلىرىغا پارتىيىدىن چىقىرىش جازاسى بېرىلىدۇ.

ئومۇمنىڭ پۇلىنى يۇتكەپ ئىشلىتىپ، قانۇنسىز ھەرىكەت ئېلىپ بېرىپ، قانۇن - ئىنتىزامغا خىلاپ باشقا قىلمىشلارنى شەكىللەندۈرسە يۇقىرىقى قىلمىشلىرى بىلەن قوشۇپ بىر تەرەپ قىلىنىدۇ.

يۇتكەپ ئىشلەتكەن ئومۇمنىڭ پۇلىنى قايتۇرۇپ بەرمىگەنلەر خىيانەت قىلغانلىق قاتارىدا قارىلىپ، شۇ پۇلنىڭ سومماسى ۋە قىلمىشىغا ئاساسەن، بۇ بەلگىلىمىنىڭ 4 - ماددىسى بويىچە بىر تەرەپ قىلىنىدۇ.

ئاپەتتىن قۇتقۇزۇش، خىيىم - خەتەردىن قۇتۇلدۇرۇش، كەلكۈندىن مۇداپىئە كۆرۈش، نەپىقە، ئىجتىمائىي ياردەم، نامراتلارنى يۆلەش، يۇقۇملۇق كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش، ئالدىنقى سەپكە ياردەم بېرىشكە ئىشلىتىلىدىغان پۇل ۋە نەرسىلەرنى يۇتكەپ ئىشلەتكەنلەر ياكى ئومۇمنىڭ پۇلىنى يۇتكەپ ئىشلىتىپ، دۆلەت، كوللېكتىپ، خەلق مەنپەئەتىگە ئېغىر زىيان كەلتۈرگەنلەرگە ئېغىر ياكى ئېغىرلىتىپ جازا بېرىلىدۇ.

27 - ماددا ئومۇمنىڭ پۇلىنى ئارىيەت ئېلىپ، پايدا تېپىش ھەرىكىتى بىلەن شۇغۇللانغانلاردىن ئارىيەت ئالغان پۇلنىڭ سومماسى 5000 يۈەنگىچە توشمايدىغانلىرىغا ئاگاھلاندۇرۇش ياكى قاتتىق ئاگاھلاندۇرۇش جازاسى بېرىلىدۇ، قىلمىشى يېنىك بولغانلىرى جازادىن كەچۈرۈم قىلىنسا بولىدۇ؛ سومماسى 5000 يۈەندىن يۇقىرى بولغانلىرىغا پارتىيە ئىچىدىكى ۋەزىپىسىدىن ئېلىپ تاشلاش ياكى پارتىيە ئىچىدە قالدۇرۇپ سىناش جازاسى بېرىلىدۇ.

ئومۇمنىڭ پۇلىنى ئارىيەت ئېلىپ، قانۇنسىز ھەرىكەت ئېلىپ بارغانلاردىن ئارىيەت ئالغان پۇلنىڭ سومماسى 1000 يۈەنگىچە توشمايدىغانلىرىغا ئاگاھلاندۇرۇش ياكى قاتتىق ئاگاھلاندۇرۇش جازاسى بېرىلىدۇ. قىلمىشى يېنىك بولغانلىرى جازادىن كەچۈرۈم قىلىنسا بولىدۇ؛ سومماسى 1000 يۈەندىن يۇقىرى 3000 يۈەنگىچە توشمايدىغانلىرىغا قاتتىق ئاگاھلاندۇرۇش ياكى پارتىيە ئىچىدىكى ۋەزىپىسىدىن ئېلىپ تاشلاش جازاسى بېرىلىدۇ؛ سومماسى 3000 يۈەندىن يۇقىرى 5000 يۈەنگىچە توشمايدىغانلىرىغا پارتىيە ئىچىدە قالدۇرۇپ سىناش ياكى پارتىيىدىن چىقىرىش جازاسى بېرىلىدۇ؛ سومماسى 5000 يۈەندىن يۇقىرى بولغانلىرىغا پارتىيىدىن چىقىرىش جازاسى بېرىلىدۇ.

ئومۇمنىڭ پۇلىنى ئارىيەت ئېلىپ قانۇنسىز ھەرىكەت ئېلىپ بېرىپ، قانۇن - ئىنتىزامغا خىلاپ باشقا قىلمىشلارنى شەكىللەندۈرگەنلەر يۇقىرىقى قىلمىشلىرى بىلەن قوشۇپ بىر تەرەپ قىلىنىدۇ.

28 - ماددا پارتىيە ۋە دۆلەت خىزمەتچى خادىملىرى، كوللېكتىپ ئىقتىسادىي تەشكىلاتلىرىدىكى خىزمەتچى خادىملار ياكى باشقا ھۆكۈمەت ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان خادىملار ئىچىدىكى كومپارتىيە ئەزالىرىدىن دۆلەتنىڭ بەلگىلىمىسىگە خىلاپلىق قىلىپ، ئومۇمنىڭ پۇلىنى ئىشلىتىپ، ساياھەت قىلغان، يەپ - ئىچكەنلەردىن قىلمىشى ئېغىرراق بولغانلىرىغا ئاگاھلاندۇرۇش ياكى قاتتىق ئاگاھلاندۇرۇش جازاسى بېرىلىدۇ، قىلمىشى ئېغىر بولغانلىرىغا پارتىيە ئىچىدىكى ۋەزىپىسىدىن ئېلىپ تاشلاش جازاسى بېرىلىدۇ.

29 - ماددا ئىدارە، تەشكىلات، كارخانا، كەسپىي ئورۇنلار مالىيە چىقىمىغا دائىر بەلگىلىمىلەرگە

خىلاپلىق قىلىپ، دۆلەتنىڭ مەبلىغىنى بۇزۇپ - چېچىپ ئىسراپ قىلىپ، ئومۇمنىڭ پۇلىغا ساياھەت قىلسا، سوۋغات تەقدىم قىلسا، مېھمان چاقىرسا، شۇ ئورۇندىكى بىۋاسىتە مەسئۇلىيىتى بار ئاساسلىق باشقۇرغۇچى خادىملار ۋە باشقا بىۋاسىتە مەسئۇلىيىتى بار خادىملار ئىچىدىكى كومپارتىيە ئەزالىرىنىڭ جاۋابكارلىقى سۈرۈشتۈرۈلىدۇ، قىلمىشى ئېغىرراق بولغانلىرىغا ئاگاھلاندۇرۇش ياكى قاتتىق ئاگاھلاندۇرۇش جازاسى بېرىلىدۇ؛ قىلمىشى ئېغىر بولغانلىرىغا پارتىيە ئىچىدىكى ۋەزىپىسىدىن ئېلىپ تاشلاش جازاسى بېرىلىدۇ.

30 - ماددا پارتىيە ۋە ھۆكۈمەت ئورگانلىرى، ئاممىۋى تەشكىلاتلاردىكى پارتىيىلىك كادىرلاردىن پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى، گوۋۇيۈەننىڭ مۇناسىۋەتلىك بەلگىلىمىلىرىگە خىلاپلىق قىلىپ سودىگەرچىلىك قىلغان، كارخانا ئاچقانلار ياكى خىزمەت ھوقۇقىدىن پايدىلىنىپ، ئورۇق - تۇغقانلىرى ئۈچۈن سودىگەرچىلىك قىلىپ كارخانا ئېچىپ، پايدا كۆزلىگەنلىرىگە قاتتىق ئاگاھلاندۇرۇش ياكى پارتىيە ئىچىدىكى ۋەزىپىسىدىن ئېلىپ تاشلاش جازاسى بېرىلىدۇ.

سودىگەرچىلىك قىلىش، كارخانا ئېچىش جەريانىدا قانۇن - ئىنتىزامغا خىلاپ باشقا قىلمىشلىرى بولسا ئۇنىڭغا قوشۇپ بىر تەرەپ قىلىنىدۇ.

31 - ماددا پارتىيە ۋە دۆلەت ئورگانلىرى، ئاممىۋى تەشكىلاتلار بەلگىلىمىگە خىلاپلىق قىلىپ سودىگەرچىلىك قىلسا، كارخانا ئاچسا شۇ ئورۇندىكى بىۋاسىتە مەسئۇلىيىتى بار ئاساسلىق باشقۇرغۇچى خادىملار ۋە باشقا بىۋاسىتە مەسئۇلىيىتى بار خادىملار ئىچىدىكى كومپارتىيە ئەزالىرىغا ئاگاھلاندۇرۇش ياكى قاتتىق ئاگاھلاندۇرۇش جازاسى بېرىلىدۇ؛ قىلمىشى ئېغىر بولغانلىرىغا پارتىيە ئىچىدىكى ۋەزىپىسىدىن ئېلىپ تاشلاش جازاسى بېرىلىدۇ.

سودىگەرچىلىك قىلىش، كارخانا ئېچىش جەريانىدا، قانۇن - ئىنتىزامغا خىلاپ باشقا قىلمىشى بولسا، بۇنىڭغا قوشۇپ بىر تەرەپ قىلىنىدۇ.

32 - ماددا پارتىيە ۋە دۆلەت خىزمەتچى خادىملىرى، كوللېكتىپ ئىقتىسادىي تەشكىلاتلاردىكى خىزمەتچى خادىملار ياكى باشقا ھۆكۈمەت ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان خادىملار ئىچىدىكى كومپارتىيە ئەزالىرىنىڭ مال - مۈلكى ياكى چىقىمى قانۇنلۇق كىرىمىدىن ئېشىپ كەتسە، پەرقلىق قىسمى بىر قەدەر زور بولسا، ئۇنىڭ كېلىش مەنبەسىنى چۈشەندۈرۈشكە بۇيرۇق قىلىنىدۇ. شۇ كىشى كېلىش مەنبەسىنىڭ قانۇنلۇق ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرەلمىسە پەرقلىق قىسمى قانۇنسىز تاپاۋەت دەپ قارىلىدۇ، ئۇنىڭ سوممىسى 5000 يۈەنگە توشمايدىغانلىرىغا ئاگاھلاندۇرۇش ياكى قاتتىق ئاگاھلاندۇرۇش جازاسى بېرىلىدۇ. قىلمىشى يېنىك بولغانلىرى جازادىن كەچۈرۈم قىلىنسا بولىدۇ؛ سوممىسى 5000 يۈەندىن يۇقىرى بولغانلىرىغا پارتىيە ئىچىدىكى ۋەزىپىسىدىن ئېلىپ تاشلاش ياكى پارتىيە ئىچىدە قالدۇرۇپ سىناش جازاسى بېرىلىدۇ. قىلمىشى ئېغىر بولغانلىرىغا پارتىيىدىن چىقىرىش جازاسى بېرىلىدۇ.

33 - ماددا تۆۋەندىكى قىلمىشلارنىڭ بىرىنى سادىر قىلغانلارغا ئېغىر ياكى ئېغىرلىتىپ جازا بېرىلىدۇ:

1. دەلىل - ئىسپاتلارنى ئويدۇرۇپ چىقارغان، يوشۇرغان، كۆيدۈرگەنلەر؛
2. پاش قىلغانلارغا زەربە بېرىپ ئۆچ ئالغانلار؛
3. قول ئاستىدىكى خىزمەتچى خادىملارنى قانۇن - ئىنتىزامغا خىلاپلىق قىلىشقا مەجبۇرلىغان، كۈشكۈرتكەنلەر؛
4. قايتا - قايتا خىلاپلىق قىلىپ تۈزگەرتمىگەنلەر.

34 - ماددا تۆۋەندىكى ئەھۋاللارنىڭ بىرەرسى بولغانلارغا يېنىك ياكى يېنىكلىتىپ جازا بېرىلسە بولىدۇ:

1. ئەنزە تۇغدۇرۇشتىن ئىلگىرى ياكى تەشكىل سېزىشتىن ئىلگىرى مەسىلىنى تەشەببۇسكارلىق بىلەن

تاپشۇرۇپ، زاڭ پۇل، زاڭ ماللىرىنى ئاكتىپ قايتۇرغانلار؛

2. باشقىلارنىڭ قانۇن - ئىنتىزامغا خىلاپ قىلمىشلىرىنى ئەينەن پاش قىلغانلار؛

3. مەسىلىسىنى تەشەببۇسكارلىق بىلەن تەكشۈرۈپ ۋە ۋاقتىدا تۈزىتىپ، زىياننىڭ ئورنىنى ئاكتىپلىق بىلەن تولدۇرغانلار.

35 - ماددا ئىقتىسادىي جەھەتتە قانۇن - ئىنتىزامغا خىلاپلىق قىلغان كومپارتىيە ئەزالىرىغا يۇقىرىقى بەلگىلىمىلەر بويىچە پارتىيە ئىنتىزام جازاسى بېرىشتىن سىرت، ئۇلارنىڭ قانۇنسىز تاپاۋەتلىرىنى مۇناسىۋەتلىك نارماقلار قانۇن بويىچە بىر تەرەپ قىلىدۇ.

36 - ماددا پارتىيىنىڭ ئىنتىزام تەكشۈرۈش ئورگانلىرى ئىقتىسادىي ئەنزىلەرنى تەكشۈرگەندە، ئەنزە بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان توختام، تالون، ھېساب دەپتەر، ھۆججەت، خاتىرە، كەسپىي خەت - ئالاقىلەر ۋە باشقا ماتېرىياللارنى توپلاش، تەكشۈرۈپ كۆرۈش، كۆپەيتىپ بېسىشقا ھوقۇقلۇق. مۇناسىۋەتلىك خادىملار ۋە ئورۇنلار يۇقىرىقىلار بىلەن تەمىن ئېتىشى لازىم. بانكىغا ئامانەت قويغان پۇلنى تەكشۈرۈپ كۆرۈشكە توغرا كەلگەندە مۇناسىۋەتلىك نارماقلارنىڭ قانۇنىي تەرتىپ بويىچە ھەمكارلىشىشى تەۋسىيە قىلىنىدۇ.

37 - ماددا بۇ بەلگىلىمىدىكى «يۇقىرى» دېگەنلىك شۇ سانىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

38 - ماددا كومپارتىيە ئەزالىرىدىن ئىقتىسادىي جەھەتتە قانۇن - ئىنتىزامغا كۆپ قېتىم خىلاپلىق قىلىپ، بىر تەرەپ قىلىنمىغانلىرىغا جۇغلاپ ھېسابلانغان قانۇن - ئىنتىزامغا خىلاپلىق قىلىش سوممىسىغا ئاساسەن پارتىيە ئىنتىزامى جازاسى بېرىلىدۇ.

ئومۇمىنىڭ پۇلىنى شەخسىي ئىشى ئۈچۈن كۆپ قېتىم يۆتكەپ ئىشلىتىپ، كېيىنكى قېتىم يۆتكەپ ئىشلەتكەن ئومۇمنىڭ پۇلى بىلەن ئالدىنقى قېتىم يۆتكەپ ئىشلەتكەن ئومۇمنىڭ پۇلىنى تولىگەن بولسا، ھەر قېتىمقى يۆتكەپ ئىشلەتكەن ۋاقتى ئۈچ ئايدىن ئاشمىغان بولسا، ئۇنىڭ يۆتكەپ ئىشلەتكەن ۋاقتى بىرىنچى قېتىمقىسىدىن باشلاپ ئاكى يۆتكەپ ئىشلىتىش ھەرىكىتىنى توختاتقانغا قەدەر جۇغلاپ ھېسابلىنىدۇ. يۆتكەپ ئىشلەتكەن پۇلنىڭ سوممىسى ئەڭ ئاخىرقى قېتىمدا يۆتكەپ ئىشلىتىپ قايتۇرۇپ بەرمىگەن ئەمەلىي سوممىسى بويىچە بېكىتىلىدۇ.

39 - ماددا بۇ بەلگىلىمىنى چۈشەندۈرۈشكە ج ك پ مەركىزىي ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى مەسئۇل.

40 - ماددا بۇ بەلگىلىمە تارقىتىلغان كۈندىن ئېتىبارەن يولغا قويۇلىدۇ.

بۇ بەلگىلىمە يولغا قويۇلۇشتىن ئىلگىرى بىر تەرەپ قىلىنغان ئەنزىلەرنى قايتا تەكشۈرۈش، قايتا قاراپ چىقىشتا بۇ بەلگىلىمىنى تەتبىق قىلىشقا بولمايدۇ، تېخى بىر تەرەپ قىلىنمىغان ئەنزىلەر بۇ بەلگىلىمە بويىچە بىر تەرەپ قىلىنىدۇ.

ج ك پ مەركىزىي ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتىنىڭ ئىلگىرى تۈزۈپ چىققان مۇناسىۋەتلىك بەلگىلىمىلىرى بۇ بەلگىلىمە بىلەن بىردەك بولمىسا، بۇ بەلگىلىمە ئۆلچەم قىلىنىدۇ.

---

(بېشى 48- بەتتە)

ئورنىڭىزدىكى پارتىيە تەشكىلاتى ئەتراپلىق كۆزىتىش، تەربىيەلەش، چۈشىنىش ئىشىنى ئىلىپ بارالمىغان، شۇنىڭدەك ئەسلى ئورنىڭىزدىكى پارتىيە تەشكىلاتى سىزنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالىڭىز، بولۇپمۇ كاندىدات پارتىيە ئەزالىق جەريانىدىكى كۆزىتىش پىكرى، رەسمىيلەشتۈرۈش - رەسمىيلەشتۈرمەسلىك ياكى ئۇزارتىش ھەققىدىكى پىكرىنى يازمىغان ئەھۋالدا، سىزنى «كاندىداتلىق مۇددىتى توشتى» دېگەن ئاساستىلا رەسمىيلەشتۈرۈۋەتسە، بەك ئالدىراپ كەتكەنلىك بولىدۇ. بۇنى توغرا چۈشىنىشىڭىز كېرەك. ئەگەر سىزنىڭ ھەربىي قىسىمدىكى پارتىيە تەشكىلاتىڭىز سىزنىڭ كاندىدات مەزگىلىدىكى (ھەربىي قىسىمدىكى) كۆزىتىش ۋە تەربىيەلەش ئەھۋالىڭىزنى يەرلىك پارتىيە تەشكىلاتىغا ئېنىق تونۇشتۇرغان بولۇپ، سىزنىڭ يېڭى خىزمەت ئورنىڭىزدىكى پارتىيە تەشكىلاتى، سىزنى ئۆز ياچېيكىمىز قوبۇل قىلغان پارتىيە ئەزاسى ئەمەس دەپ ئېتىبارسىز قاراپ، تەربىيە ۋە ياردەمنى بوشاشتۇرۇپ قويغان بولسا، ئۇ توغرا بولمىغان بولىدۇ. شۇنداقلا رەسمىيلەشتۈرۈش ئىشىنى خالىغانچە كېچىكتۈرۈشمۇ توغرا ئەمەس.

ئاپتونوم رايونلۇق ئىدارىلەر پارتكومىدىن: مەھەممەت ئىمىن

# ئاپتونوم رايونىمىزدا دىنىي باشقۇرۇش خىزمىتىنى كۈچەيتىش توغرىسىدىكى پىكىر

## ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم بىرلىكسەپ بۆلۈمى

ماركسىزمچىلارنىڭ قارىشىچە دىن ئىدىئولوگىيىگە مەنسۇپ بولغان بىر خىل ئىجتىمائىي، تارىخىي ھادىسە بولۇپ، ئۇنىڭ پەيدا بولۇش، مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇش، ئۆزگىرىش ۋە يوقىلىش ئوبيېكتىپ قانۇنىيىتى بولىدۇ، ھازىرقى باسقۇچتا دىنىنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىنىڭ سىنىپىي مەنبەسى ئاساسىي جەھەتتىن يوقىتىلغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ ئىجتىمائىي مەنبەسى ۋە بىلىش مەنبەسى تېخى يوقىتىلغىنى يوق، شۇڭا دىن ئۇزاق مۇددەت مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ. شىنجاڭ كۆپ مىللەتلىك، كۆپ دىنلىق رايون بولغاچقا، مىللىي مەسىلە بىلەن دىنىي مەسىلە كۆپ ھاللاردا گىرەلىشىپ كېتىدۇ. ھەر دەرىجىلىك پارتىيە كومىتېتلىرى بىلەن خەلق ھۆكۈمەتلىرى دىنىي مەسىلىنىڭ مۇرەككەپلىكىنى يۈكسەك دەرىجىدە تونۇشى كېرەك. دىنىي مەسىلە ئاممىنىڭ ئېتىقاد مەسىلىسى بولۇپ قالماستىن، بەلكى چېگرا ئىچى ۋە سىرتىدىكى مىللىي بۆلگۈنچىلەر ۋە دۈشمەن كۈچلەر تەرىپىدىن پايدىلىنىپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىجتىمائىي مۇقىملىقىغا تەسىر يەتكۈزىدىغان سىياسىي مەسىلىگە ئايلىنىپ قېلىشىمۇ مۇمكىن. شۇڭا، دىنىي خىزمەتنى ياخشى ئىشلەش — ئاپتونوم رايونىمىزدا مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىش، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداش، شىنجاڭنىڭ ئومۇمىي ۋەزىيىتىنى مۇقىملاشتۇرۇشتا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

پارتىيە 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيان، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى بىلەن خەلق ھۆكۈمىتى پارتىيىنىڭ دىنىي سىياسىتىنى ۋە مەركىزىي كومىتېتنىڭ دىنىي مەسىلىگە دائىر بىر قاتار يوليورۇقلىرىنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇپ ۋە ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ۋەتەنپەرۋەر دىنىي زاتلارغا بولغان سىياسىي - ئىدىيىۋى تەربىيىنى ۋە ئۇلار بىلەن بولغان ئىتتىپاقلىق، ھەمكارلىقنى يەنىمۇ كۈچەيتتى، دىنىي پائالىيەت سورۇنلىرىنى ھەل قىلىپ، ئېگىللىۋېلىنغان دىنىي ئۆي - مۈلۈكلەرنى بەلگىلىمە بويىچە ئېنىقلاپ قايتۇرۇپ، دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئاممىنىڭ نورمال دىنىي پائالىيەتلىرىنى كاپالەتلەندۈردى؛ دىنىي جەھەتتىكى خەلقئارالىق بېرىش - كېلىش ئىشلىرىنى ئاكتىپلىق، ئېھتىياجلىق بىلەن قانات يايدۇرۇپ، ۋەتەنپەرۋەر دىنىي زاتلارنى ۋە دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان كەڭ ئاممىنى سوتسىيالىستىك ئىككى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى ئۈچۈن ئاكتىپ خىزمەت قىلىشقا يېتەكلىدى ۋە ئىلھاملاندۇردى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، دىنىي پائالىيەت سورۇنلىرى ۋە دىنىي پائالىيەتلەرنى باشقۇرۇشنى كۈچەيتىشكە ئەھمىيەت بېرىپ، چەت ئەللەردىكى دۈشمەن كۈچلەرنىڭ سىڭىپ كىرىشىگە ۋە بۆزغۇنچىلىقىغا تاقابىل تۇردى. بۇ جەھەتتىكى خىزمەتلەردە ئۈنۈم ھاسىل قىلىندى. ئاپتونوم رايونىمىزدىكى دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان كەڭ ئامما ۋە ۋەتەنپەرۋەر دىنىي زاتلار پارتىيە رەھبەرلىكىنى ۋە سوتسىيالىزم تۈزۈمىنى ھىمايە قىلىپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ۋە ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى پائال قوغداپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ئىشلىرى ۋە تۆتنى زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىغا تېگىشلىك تۆھپە قوشتى. پۈتۈن ئاپتونوم رايونىمىزدا دىنىي خىزمەتنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى ياخشى.

لېكىن شۇنىمۇ كۆرۈش كېرەككى، نۆۋەتتە ئاپتونوم رايونىمىزدا دىنىي جەھەتتە بەزى ئېغىر مەسىلىلەرمۇ ساقلانماقتا. بۇلار ئاساسلىقى تۆۋەندىكىچە:

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، چېگرا ئىچى ۋە سىرتىدىكى دۈشمەن دىنىي كۈچلەرنىڭ سىڭىپ كىرىش ۋە بۆزغۇنچىلىق ھەرىكىتى كۈرۈنەرلىك دەرىجىدە كۈچەيگەنلىكتىن، يېزىلاردا دىنىي ئاڭ بارغانسېرى كۈچىيىپ، ئاممىنىڭ ئىدىيىسىنى ئېغىر دەرىجىدە چىرمىۋالدى ھەمدە پارتىيە تەشكىلاتلىرى ۋە كادىرلار قوشۇنىمىزنى چىرىتتى، دىنىنىڭ بىزدىن ياش - ئۆسمۈرلەرنى تالىشىشى ئىنتايىن كەسكىن بولدى؛ نۇرغۇن جايدا پارتىيىنىڭ دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى سىياسىتى ئەتراپلىق، توغرا ئىجرا قىلىنمىدى. دىنىي كۈچلەر ئاممىنى دىنغا ئېتىقاد قىلىشقا

مەجبۇرلىدى، دىنغا ئېتىقاد قىلمايدىغانلار ياكى دىنىي پائالىيەتلەرگە قاتناشمايدىغانلار كەمسىتىلدى، چەتكە قېقىلدى؛ بەزىلەر تەستىقتىن ئۆتكۈزمەيلا ئۆز ئالدىغا دىنىي مەكتەپ (كۇرس)لارنى ئاچتى. بەزىلەر ھەتتا قانۇنسىز يوللار ئارقىلىق چەتكە چىقىپ دىنىي مەكتەپلەردە ئوقۇدى، ھەج قىلدى. بەزىلەر ئېغىر مىللىي بۆلگۈنچىلەر تەرىپىدىن پايدىلىنىپ كېتىلدى. قانۇنسىز دىنىي ھەرىكەتلەر باش كۆتۈردى، ئاللىبۇرۇن بىكار قىلىنغان بەزى دىنىي فېئوداللىق ئىمتىياز ۋە ئېزىش - ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىش تۈزۈمى بەزى جايلاردا ئەسلىگە كېلىشكە باشلىدى. دىنىنىڭ دۆلەتنىڭ مەمۇرىي، ئەدلىيە، نىكاھ، مەدەنىيەت، مائارىپ ۋە پىلانلىق تۇغۇت ئىشلىرىغا ئارىلىشىش ئەھۋاللىرى كۆرۈلۈپ تۇرۇۋاتىدۇ. دىنىي تونىغا ئورىنىۋالغان ئىنتايىن ئاز ساندىكى مىللىي بۆلگۈنچىلەر دىندىن پايدىلىنىپ ۋەتەننىڭ بىرلىكىگە بۆلگۈنچىلىك سېلىشتەك ئەكسىلئىنقىلابىي ھەرىكەت ئېلىپ باردى. ئۇلار دىنىي ئەسەبىيلىك ۋە مىللىي ئۆچمەنلىكنى جىنىنىڭ بارىچە قوزغاپ، ۋەتەنپەرۋەر دىنىي زاتلارغا ھۇجۇم قىلىپ، «غازات» بايرىقىنى كۆتۈرۈۋېلىپ، خەنزۇلارغا قارشى تۇرۇپ، خەنزۇلارنى چەتكە قېقىپ، ئەكسىلئىنقىلابىي تەشكىلات قۇرۇپ، زوراۋانلىق ۋاستىسى بىلەن كومپارتىيە رەھبەرلىكىنى ۋە سوتسىيالىزم تۈزۈمىنى ئاغدۇرۇپ، خەلق ھاكىمىيىتىنى ئاغدۇرۇپ، «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى» قۇرۇشقا ئۇرۇندى. دىنىي جەھەتتە بۇنداق ئېغىر مەسىلىلەرنىڭ كۆرۈلۈشىدە، ھەم خەلقئارا چوڭ كلىمات بىلەن دۆلەت ئىچىدىكى كىچىك كلىماتنىڭ تەسىرى بار، ھەم خىزمىتىمىزدىكى سەۋەبلەرمۇ بار، ئاساسلىقى يېڭى ۋەزىيەتتە دىنىي مەسىلىنىڭ ئېغىرلىقى، مۇرەككەپلىكىگە بولغان تونۇشىمىز يېتەرلىك بولمىدى، دىنىي خىزمەتنى تۇتۇشىمىز كۈچلۈك بولمىدى. دىنىي ئىشلارنى باشقۇرۇشىمىز قاتتىق بولمىدى، قانۇنسىز ھەرىكەتلەرگە زەربە بېرىشىمىز كۈچلۈك بولمىدى، بۇ جەھەتتىكى ساۋاق چوڭقۇر.

تارىخىي ۋە رېئال كۆرەش تەجرىبىلىرى بىزگە شۇنى ئۇقتۇردىكى، سوتسىيالىزم دەۋرىدە دىنىي مەسىلىگە يۈكسەك دەرىجىدە ئەھمىيەت بېرىشىمىز، ئېھتىياتچانلىق بىلەن مۇئامىلە قىلىشىمىز كېرەك. دىنىي مەسىلىنىڭ بىر تەرەپ قىلىنىشى ئىجتىمائىي مۇقىملىقنى ساقلاشقا، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداشقا پايدىلىق بولۇشى، دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئاممىنى ۋە ۋەتەنپەرۋەر دىنىي زاتلارنى ئەڭ زور دەرىجىدە ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ، پارتىيىنىڭ ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ دىنىي ساھەسىدىكىلەر بىلەن بولغان ۋەتەنپەرۋەرلىك بىرلىك سېپىنى مۇستەھكەملەپ ۋە كېڭەيتىپ، دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان كەڭ ئاممىنىڭ ئىرادىسى ۋە كۈچىنى سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىغا تۆھپە قوشۇشقا يېتەكلەشكە پايدىلىق بولۇش كېرەك. ھەر دەرىجىلىك پارتىيە كومىتېتلىرى بىلەن خەلق ھۆكۈمەتلىرى مەركىزىي كومىتېتنىڭ (1982) 19 - نومۇرلۇق ھۆججىتىنى، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ (1988) 19 - نومۇرلۇق، (1990) 4 - نومۇرلۇق ھۆججەتلىرىنى ۋە ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ 1988 - يىلدىكى 2 - نومۇرلۇق بۇيرۇقىنى داۋاملىق ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيەتكە بىرلەشتۈرۈپ ئۈنۈملۈك تەدبىر قوللىنىپ، دىنىي ئىشلارنى باشقۇرۇشنى ھەقىقىي ئورۇندا كۈچەيتىپ، دىنىي خىزمەتنى يېڭى ئىلگىرىلىگەن ھالدا ياخشى ئىشلىشى كېرەك.

## 1. پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى سىياسىتىنى ئەتراپلىق، توغرا ئىزچىللاشتۇرۇش كېرەك

دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى سىياسىتى پارتىيە ۋە دۆلىتىمىزنىڭ دىنغا قاراتقان تۈپ سىياسىتى. دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى دىنغا ئېتىقاد قىلىش ئەركىنلىكى بىلەن دىنغا ئېتىقاد قىلماسلىق ئەركىنلىكىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، ھەر قانداق دۆلەت ئورگىنى، جامائەت تەشكىلاتى ۋە شەخس پۇقرالارنى دىنغا ئېتىقاد قىلىشقا ياكى ئېتىقاد قىلماسلىققا، دىنىي پائالىيەتلەرگە قاتنىشىشقا ياكى قاتناشماسلىققا زورلىماسلىقى كېرەك. نۆۋەتتە بەزى جايلاردا ساقلىنىۋاتقان دىنغا ئېتىقاد قىلمايدىغان ۋە دىنىي پائالىيەتكە قاتناشمايدىغانلار كەمسىتىلىش، زەربىگە ۋە بېسىمغا ئۇچراشتەك

لەھۋالىنى كۆزدە تۇتۇپ، دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى سىياسىتىنى ئومۇميۈزلۈك تەشۋىق قىلىش بىلەن بىرگە، دىنغا ئېتىقاد قىلماسلىق ۋە دىنىي پائالىيەتلەرگە قاتناشماسلىق ئەركىنلىكىمۇ بارلىقىنى ئۇقتۇرۇش تەشۋىق قىلىش كېرەك. باشقىلارنى دىنغا ئېتىقاد قىلىشقا ۋە دىنىي پائالىيەتلەرگە قاتنىشىشقا زورلىغانلارغا تەنقىد، تەربىيە بېرىپ، ئۇلارنىڭ ئۆزىنى تەكشۈرۈپ خاتالىقىنى تۈزىتىشكە ھەيدەكچىلىك قىلىش، قانۇنغا خىلاپلىق قىلغانلارنى قانۇن بويىچە جازالاش كېرەك. ئۆز مەيلىگە قويۇۋېتىشكە بولمايدۇ.

كادىرلار ۋە ئوقۇتقۇچىلار ئادەتتىكى ئاممىغا ئوخشىمايدۇ، ئۇلارغا دىنغا ئېتىقاد قىلماسلىق، دىنىي پائالىيەتلەرگە قاتناشماسلىق، دىنىي تەشۋىق قىلىدىغان ۋە دىنىي پائالىيەتلەرنى قوللايدىغان ئىشلارنى ئىشلىمەسلىك ھەققىدە تەربىيە بېرىش كېرەك. مەكتەپ ماركسىزم - لېنىنىزمنى ۋە پەننىي بىلىم تارقىتىدىغان بازا، ھەر قانداق كىشىنىڭ مەكتەپلەردە دىنىي پائالىيەتلەر بىلەن شۇغۇللىنىشىغا بولمايدۇ. ئوقۇتقۇچىلار ئوقۇتۇش، ئادەم تەربىيلەشتە چىڭ تۇرۇپ، ئوقۇغۇچىلارغا پەننىي بىلىم ئۆگىتىشى، ئاتېئىزمنى تەشۋىق قىلىشى كېرەك. مەكتەپلەر ئاتېئىزم نەزەرىيىسى دەرسىنى كۆپەيتىپ تەسىس قىلىش، ياش - ئۆسمۈرلەرگە بولغان ئاتېئىزم تەربىيىسىنى باشلانغۇچ مەكتەپتىن باشلاپ تۇتۇش كېرەك.

كەڭ ئاممىغا سوتسىيالىزم، ۋەتەنپەرۋەرلىك تەربىيىسى، دىئالېكتىك ماتېرىيالىزم ۋە تارىخىي ماتېرىيالىزملىق دۇنيا قاراش تەربىيىسىنى كەڭ، چوڭقۇر ئېلىپ بېرىش، تەبىئىي ھادىسىلەر، جەمئىيەت تەرەققىياتى ۋە ئادەمنىڭ تۇغۇلۇشى، قېرىشى، كېسەل بولۇشى، ئۆلۈشى، بالا - قازاغا ئۇچرىشى، بەخت - ساائادەتلىك بولۇشىغا دائىر پەن - مەدەنىيەت بىلىملىرىنى تەشۋىق قىلىشنى كۈچەيتىش كېرەك.

## 2. دىنىي پائالىيەت سورۇنلىرى ۋە دىنىي پائالىيەتنى باشقۇرۇشنى قانۇن ۋە سىياسەت بويىچە كۈچەيتىش لازىم

ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەتلەر دىنىي تەشكىلاتلارنىڭ ۋە دىنىي پائالىيەت سورۇنلىرىنىڭ قانۇنلۇق ھوقۇق - مەنپەئىتىنى قانۇن بويىچە قوغدىشى، دىنىي كەسپىي خادىملارنىڭ نورمال دىنىي پائالىيەتلەر بىلەن شۇغۇللىنىشىنى، دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئاممىنىڭ نورمال دىنىي پائالىيەتلىرىنى قوغدىشى لازىم. دىنىي پائالىيەت سورۇنلىرىدا ئېلىپ بېرىلغان ۋە ئۆرپ - ئادەت بويىچە دىندارلارنىڭ ئۆز ئۆيىدە ئېلىپ بېرىلغان بارلىق نورمال دىنىي پائالىيەتلەر، مەسىلەن، قۇرئان ئوقۇش، قىرائەت قىلىش، ناماز ئوقۇش، روزا تۇتۇش، دۇئا - تەكبىر ئۆتكۈزۈش، كۆجە يېقىش، بۇتقا چوقۇنۇش، مىسا مۇراسىمى ئۆتكۈزۈش، ئاممىۋى خاراكتېرلىك ھېيت - بايرام قاتارلىقلار قانۇن تەرىپىدىن قوغدىلىدۇ. لېكىن، ئاساسىي قانۇن، قانۇنلار، ئەمىر - پەرمانلار ۋە سىياسەتلەر يول قويغان دائىرىدىن ھالقىغان ھالدا دىنىي پائالىيەت ئېلىپ بېرىشقا قەتئىي يول قويۇلمايدۇ. دىننىڭ دۆلەتنىڭ مەمۇرىي، ئەدلىيە، نىكاھ، مەدەنىيەت، مائارىپ ۋە پىلانلىق تۇغۇت ئىشلىرىغا ئارىلىشىشىغا ھەرگىز يول قويۇلمايدۇ. مەجبۇرىي ئۆشرە - زاكات يىغىش، ھەق تەلەپ ماجىرالىرىنى بىر تەرەپ قىلىش، ھەقسىز ئەمگەك قىلدۇرۇش، ئاياللارنى كەمسىتىش، خارلاش قاتارلىق ئەمەلدىن قالدۇرۇلغان بارلىق دىنىي فېئوداللىق ئىمتىيازنى ۋە ئېزىش، ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىش تۈزۈمىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە يول قويۇلمايدۇ. دىنىي زاتلار بىلەن دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئامما باراۋەر، يېزىلار - دىكى دىنىي زاتلارغا مەجبۇرىي ئەمگەكتىن كېچىرىم قىلىنىش ئىمتىيازى بېرىشكە بولمايدۇ. دىنىي پائالىيەت سورۇنلىرى باشقا باشقا سورۇنلاردىن پايدىلىنىپ، «غازات تارىخى» سۆزلەپ، مىللىي بۆلگۈنچىلىك قىلىدىغان ھەرىكەتلەرگە قەتئىي زەربە بېرىش كېرەك. ھەر قانداق ئورۇن ۋە شەخسىنىڭ تەستىقلاتماي تۇرۇپ، دىنىي كىتاب، ژۇرنال ۋە تەشۋىق بۇيۇملىرىنى بېسىپ تارقىتىشىغا يول قويۇلمايدۇ. ئۆز بېشىمچىلىق قىلىپ دىنىي مەكتەپ ۋە دىنىي كۇرس ئېچىشقا يول قويۇلمايدۇ، سېزىلگەن ھامان دەرھال ئەمەلدىن قالدۇرۇش كېرەك. ھەر قانداق كىشىنى (جۈملىدىن يېشى 18 دىن تۆۋەن ئۆسمۈر - بالىلارنى) دىنغا كىرىشكە، راھىب بولۇشقا ۋە دىنىي مەكتەپتە

ئۇقتۇرۇشقا مەجبۇرلاشقا يول قويۇلمايدۇ. ھەر قانداق كىشىنىڭ دىنىي پائالىيەت سورۇنلىرىنىڭ سىرتىدىكى جامائەت سورۇنلىرىدا دىنىي تەشۋىق قىلىشىغا يول قويۇلمايدۇ. تەستىقلاتماي تۇرۇپ رايون ھالقىپ دىنىي پائالىيەت ئېلىپ بېرىش قاتتىق مەنئى قىلىنىدۇ. ھازىر بار دىنىي پائالىيەت سورۇنلىرى دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئاممىنىڭ ئېھتىياجىنى ئاساسىي جەھەتتىن قاندۇرالايدۇ. شۇڭا، ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى دىنىي ئىشلار تارمىقى ۋە شەھەر قۇرۇلۇشى تارمىقىنىڭ تەستىقىنى ئالماي تۇرۇپ مەسچىت، بۇتخانا، چېركاۋلارنى يېڭىلاشقا ۋە كېڭەيتىپ سېلىشقا، يەنە يېڭىدىن مەسچىت، بۇتخانا، چېركاۋ سېلىشقا يول قويۇلمايدۇ، دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئاممىغا سېلىق سېلىشقا ۋە ئۇلاردىن ئىئانە ئېلىشقا تېخىمۇ بولمايدۇ. پارتىيە ئەزالىرى، كادىرلار (جۈملىدىن دەم ئېلىشقا، پېنسىيىگە چىققان كادىرلار)نىڭ مەسچىت، بۇتخانا، چېركاۋلارنى كېڭەيتىپ سېلىشقا، يېڭىدىن سېلىشقا قاتنىشىشىغا ۋە ئۇنداق قىلىشنى قوللىشىغا بولمايدۇ. خىلاپلىق قىلغۇچىلار قاتتىق بىر تەرەپ قىلىنىدۇ. بارلىق دىنىي پائالىيەت سورۇنلىرى دىنىي ئىشلار تارماقلىرىنىڭ رەھبەرلىكىنى قوبۇل قىلىشى، ئۇلارنىڭ باشقۇرۇشىغا بويسۇنۇشى لازىم. دىنىي پائالىيەت سورۇنلىرىنى ئالاقە باغلايدىغان، جېدەل چىقىرىشقا قۇتراتقۇلۇق قىلىدىغان سورۇنغا ئايلاندۇرۇشقا ھەرگىز يول قويۇلمايدۇ. دىنىي پائالىيەت سورۇنلىرىدا قانۇنغا خىلاپ ھەرىكەتلەر يۈز بەرسە، دىنىي كەسپىي خادىملارنىڭ ۋە دىنىي ئىشلارنى باشقۇرۇش ئاپپاراتلىرىنىڭ مەسئۇللىرىنىڭ ۋە ۋەقە تۇغدۇرغۇچىنىڭ جاۋابكارلىقى سۈرۈشتۈرۈلىدۇ. مەسچىت، بۇتخانا ۋە چېركاۋلاردىكى دىنىي كەسپىي خادىملارنى سوتسىيالىستىك ئىككى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى ئۈچۈن خىزمەت قىلىشقا، «بەش ياخشى مەسچىت، بۇتخانا، چېركاۋ» ۋە «بەش ياخشى دىنىي كەسپىي خادىم»نى باھالاش پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇشتا چىڭ تۇرۇشقا پائال يېتەكلەش ۋە ئىلھام بېرىش لازىم.

## 3. ۋەتەنپەرۋەر دىنىي زاتلارنى قولغا كەلتۈرۈش، ئۇلار بىلەن ئىتتىپاقلىشىش ۋە ئۇلارنى تەربىيىلەش خىزمىتىنى يەنىمۇ ئوبدان ئىشلەش كېرەك

ۋەتەنپەرۋەر دىنىي تەشكىلاتلار ۋە ۋەتەنپەرۋەر دىنىي زاتلارنىڭ پارتىيە ۋە ھۆكۈمەت بىلەن ھەمكارلىشىپ بىرلىكتە ئىشلەشتەك ئېسىل ئەنئەنىسى بار. ئۇلار پارتىيىنىڭ ئامما بىلەن ئالاقە باغلىشى ۋە دېموكراتىيىنى جارى قىلدۇرۇشتىكى مۇھىم بىر يول. ئۇلارنىڭ ئىجابىي رولىنى جارى قىلدۇرۇشقا ئەھمىيەت بېرىش لازىم.

سىياسىي جەھەتتىن ئورۇنلاشتۇرۇشنى داۋاملىق ئوبدان ئېلىپ بېرىش كېرەك. ئومۇمەن ھەر قايسى جەھەتتىن ئورۇنلاشتۇرۇلغان ھەم شەرتكە ئۇيغۇن كېلىدىغانلارنى داۋاملىق مۇۋاپىق ئورۇنلاشتۇرۇش كېرەك، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ياش ۋەتەنپەرۋەر دىنىي زاتلارنى تولۇقلاشقا ئەھمىيەت بېرىش كېرەك. ئۇلارغا تۇرمۇش جەھەتتە مۇۋاپىق ئېتىبار بېرىش كېرەك. لېكىن، يامان تەسىر پەيدا قىلىپ قويۇشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن، ئۇزۇن يىللاردىن بۇيان ئاساسىي قاتلامدا تۇرۇپ كېلىۋاتقان ۋەتەنپەرۋەر دىنىي زاتلارغا بېرىلىدىغان ئېتىبار ھەددىدىن ئارتۇق بولۇپ كەتمەسلىكى كېرەك. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، دىنىي كەسپىي خادىملارنى ئۆز قۇربى يېتىدىغان ئىشلەپچىقىرىش ئەمگىكىگە پائال قاتنىشىشقا، ئۆز كۈچىگە تايىنىپ ياشاشقا ھەرىكەتلەندۈرۈش كېرەك. دىنىي كەسپىي خادىملارغا بولغان سىياسىي - ئىدىيىۋى تەربىيىنى تۈرلۈك شەكىللەر بىلەن داۋاملىق كۈچەيتىش كېرەك. ئۇلارغا تۆت ئاساسىي پرىنسىپتا چىڭ تۇرۇش، بولۇپمۇ پارتىيە رەھبەرلىكى ۋە سوتسىيالىزم تۈزۈمىدە چىڭ تۇرۇش تەربىيىسى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ۋە ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداش، مىللىي بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش تەربىيىسى، شۇنىڭدەك ۋەزىيەت، سىياسەت ۋە ئىنتىزامغا رىئايە قىلىش، قانۇنغا بويسۇنۇش تەربىيىسىنى كەڭ، چوڭقۇر ئېلىپ بېرىش كېرەك. نۆۋەتتە، ۋەتەنپەرۋەر دىنىي زاتلار ئارىسىدا بىر قېتىم ئىجابىي تەربىيە بېرىش ئۇسۇلىنى قوللىنىپ، پىلانلىق، قەدەم - باسقۇچلۇق ھالدا مىللىي بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش مەركىزىي مەزمۇن قىلىنغان سوتسىيالىزم ۋە ۋەتەنپەرۋەرلىك تەربىيىسىنى مەركەزلىك ئېلىپ بېرىش كېرەك. شىنجاڭ سوتسىيالىزم شۆيۈەنىنى

يەنىمۇ ئوبدان باشقۇرۇش، ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەردىكى سىياسىي مەكتەپلەرنى ئوبدان باشقۇرۇش كېرەك. ۋەتەنپەرۋەر دىنىي زاتلار بىلەن ھەمكارلىشىپ بىرلىكتە ئىشلەشنى ئوبدان يولغا قويۇش كېرەك. ھەم پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتكە يېقىنلاشقان دىنىي زاتلار بىلەن ئىتتىپاقلىشىش، ھەم بىزگە پىكرى بولغان ھەتتا ئاز - تولا نارازىلىق كەيپىياتىدا بولغان دىنىي كەسپىي خادىملارنى قولغا كەلتۈرۈشكە ئەھمىيەت بېرىپ، پاسسىپ ئامىلنى ئاكتىپ ئامىلغا ئايلاندۇرۇپ، دۈشمەن كۈچلەرنىڭ ئۇلارنى تارتىپ كېتىپ پايدىلىنىشىغا ئىمكانىيەت تۇغدۇرۇپ قويماسلىق كېرەك. دىنىي كەسپىي خادىملارنى داۋاملىق سىناپ تەكشۈرۈپ ۋە باھالاپ، ھەم ئۇلارنىڭ دىنىي بىلىمىنىڭ يۇقىرى - تۆۋەنلىكىگە دىققەت قىلىش، ھەم ئۇلارنىڭ سىياسىي پوزىتسىيىسى ۋە ئىپادىسىگە تېخىمۇ ئەھمىيەت بېرىش كېرەك، ئىپادىسى گەۋدىلىك بولغانلارنى تەقدىرلەش، ئىپادىسى ناچارلارغا تەنقىدىي تەربىيە بېرىش كېرەك. ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى مەسىلىسى ئېغىر دىنىي كەسپىي خادىملارنىڭ داۋاملىق دىنىي ۋەزىپە ئۆتۈشىگە يول قويۇلمايدۇ.

ياش بىر ئەۋلاد دىنىي كەسپىي خادىملارنى رەھبەرلىكى بولغان ھالدا پىلانلىق تۈردە تەربىيەلەش لازىم. شىنجاڭ ئىسلام دىنى شۆبە ئىنى ئوبدان باشقۇرۇپ، ھەقىقىي تۈردە پارتىيە رەھبەرلىكى ۋە سوتسىيالىزم تۈزۈمىنى ھىمايە قىلىدىغان، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ۋە ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغدايدىغان، بىر قەدەر يۇقىرى دىنىي بىلىمگە ئىگە بىر تۈركۈم ئىختىساسلىق دىنىي كەسپىي خادىملارنى تەربىيەلەپ يېتىشتۈرۈش لازىم. ھەر خىل شەكىلدىكى تەربىيەلەپ يېتىشتۈرۈش كۇرسلىرى ئارقىلىق، ھازىر بار دىنىي كەسپىي خادىملار ئىچىدىكى بىر قەدەر ياش، سىياسىي ئىپادىسى ياخشى بولغانلارنى پىلانلىق ھالدا تەربىيەلەپ يېتىشتۈرۈپ، ئۇلارنىڭ سىياسىي ئېڭى ۋە دىنىي بىلىمىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈش لازىم. ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەرمۇ ئادەتتىكىچە دىنىي بىلىمى بار، ياش ۋەتەنپەرۋەر دىنىي كەسپىي خادىملارنى تەربىيەلەپ يېتىشتۈرۈش ئىشىنى پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ رەھبەرلىكىدە پىلانلىق، مەقسەتلىك ھالدا ئېلىپ بېرىشى لازىم. بۇنىڭدىن كېيىن، دىنىي كۇرس ئېچىشتا، ئۇنى ۋەتەنپەرۋەر دىنىي تەشكىلاتلار پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ ئالاقىدار سىياسەت، بەلگىلىمىلىرى بويىچە، بىر تۇتاش پىلانلاپ، تەستىقلاتقاندىن كېيىن ئاندىن ئېچىشقا بولىدۇ. شۇنداقلا ئاچىدىغان جاي، ئۆگىنىش ۋاقتى، مەسئۇل بولىدىغان ئادەم، ئوقۇيدىغان ئوقۇغۇچى ۋە دەرسلىكنى بېكىتىش كېرەك، ئوقۇيدىغانلار راسخوتنى ئۆزى چىقىرىدۇ. بۇنداق دىنىي كۇرسلارنى ۋەتەنپەرۋەر دىنىي زاتلار ئېچىشى لازىم. پارتىيە ۋە سوتسىيالىزمغا نارازىلىقى بار كىشىلەرنىڭ دىنىي كۇرس ئېچىشىغا ياكى ئوقۇتقۇچى بولۇشىغا بولمايدۇ.

## 4. كومپارتىيە ئەزالىرىنىڭ دىنغا ئېتىقاد قىلىش مەسىلىسىگە توغرا مۇئامىلە قىلىش ۋە ئۇنى توغرا بىر تەرەپ قىلىش كېرەك

پارتىيىنىڭ دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى سىياسىتى دۆلىتىمىز پۇقرالىرىغا قارىتىلغان، ئۇ كومپارتىيە ئەزالىرىغا باپ كەلمەيدۇ. كومپارتىيە ئەزالىرى ئادەتتىكى پۇقراغا ئوخشىمايدۇ، ئۇلار ماركسىزملىق پارتىيىنىڭ ئەزاسى، ئۇلار خۇداكويلار بولماستىن، ئاتېئىزمچىلار بولۇشى، ماركسىزم - لېنىنىزم، ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسىگە ئېتىقاد قىلىشى لازىم، ئۇلارنىڭ دىنغا ئېتىقاد قىلىشىغا، دىنىي پائالىيەتلەرگە قاتنىشىشىغا بولمايدۇ. لېكىن، ئەسلىدە ئاساسىي جەھەتتىن پۈتۈن مىللەت بويىچە دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئاز سانلىق مىللەت ئارىسىدا بۇ بەلگىلىمىنى ئىجرا قىلىشتا ئېھتىياتچان پوزىتسىيە تۇتۇش كېرەك. مەۋقەنى يەنىلا دىنغا ئېتىقاد قىلىۋاتقان پارتىيە ئەزالىرىغا سەۋرچانلىق بىلەن ئىنچىكە ئىدىيىۋى تەربىيە بېرىشكە قويۇپ، ئۇلارنى ئۆيۈشتۈرۈپ پارتىيىنىڭ تەشكىلىي تۇرمۇشىغا دائىم قاتناشتۇرۇپ، ئۇلارنىڭ دىئالېكتىك ماتېرىيالىزم ۋە تارىخىي ماتېرىيالىزملىق ئىلمىي دۇنيا قاراشنى تىكلىشىگە تولۇپ - تاشقان قىزغىنلىق بىلەن ياردەم بېرىپ، ئۇلارغا دىننىڭ ئاستىن - ئۈستىن قىلىۋېتىلگەن دۇنيا قاراش، خەلقنى زەھەرلەيدىغان ئەپيۇن ئىكەنلىكىنى، دىننىڭ مىللەتلەر تەرەققىياتىغا ۋە دۆلەت قۇرۇلۇشىغا سالغان ئېغىر

زېمىننى ھەقىقىي تونۇتۇپ، ئۇلارنى دىنىنىڭ ئاسارىتىدىن تەدرىجىي قۇتۇلدۇرۇش كېرەك. ئۇۋەتتە، پارتىيە ئىچىدە ئاتېئىزم تەربىيىسىنى كەڭ، چوڭقۇر ئېلىپ بېرىشقا ئىنتايىن ئەھمىيەت بېرىش كېرەك. مۇھىم ئۇقتىنى دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونلىرىغا، زاۋۇت، كانلارغا، ئاساسىي قاتلاملارغا قارىتىش ھەمدە بۇ تەربىيىنى دائىملىق ئىشقا ئايلاندۇرۇش لازىم. مۇتلەق كۆپ ساندىكى پارتىيە ئەزالىرى تونۇشى ئۇسۇپ دىنغا ئېتىقاد قىلمايدىغان بولغان ئەھۋال ئاستىدا، قايتا - قايتا تەربىيە بەرسىمۇ يەنىلا دىنغا ئېتىقاد قىلىشتا چىڭ تۇرغان ئىنتايىن ئاز ساندىكى پارتىيە ئەزالىرىنى پارتىيىدىن نەسىھەت بىلەن چېكىندۈرۈشكە بولىدۇ، ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى بەزىلەرنىڭ باشقا ئېغىر مەسىلىسى بولۇپ، ئامما ئارىسىدا ئىنتايىن يامان تەسىر پەيدا قىلغان، پارتىيە ئەزاسىغا خاس شەرت زادى قالمىغان بولسا، ئۇلارنى پارتىيىدىن چىقىرىۋېتىش كېرەك. دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونلىرىدىكى ئاساسىي قاتلامدا ئىشلىگەن پېشقەدەم پارتىيە ئەزالىرى، بولۇپمۇ دەم ئېلىشقا، پېنسىيىگە چىققان پارتىيە ئەزالىرىغا پارتىيە تەشكىلاتى سىياسىي جەھەتتىن، تۇرمۇش جەھەتتىن كۆڭۈل بۆلۈشى، ئۇلارنى ئاسرىشى لازىم. پارتىيە ئەزالىرى ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن، شۇ جايدىكى پارتىيە تەشكىلاتى ھازىدارلارنىڭ دەپنە ئىشلىرىنى ئوبدان بىر تەرەپ قىلىشىغا ئەھمىيەت بېرىشى ۋە ياردەم بېرىشى كېرەك، يەنە جامائەت پىكرىنى توغرا يولغا يېتەكلەپ، دىنغا ئېتىقاد قىلمايدىغان پارتىيە ئەزالىرىغا بېسىم ئىشلىتىشكە يول قويماسلىقى لازىم. پارتىيە ئەزالىرىنى دىنغا ئېتىقاد قىلىشقا ۋە دىنىي پائالىيەتلەرگە قاتنىشىشقا مەجبۇرلىغان دىنىي كەسپىي خادىملارغا ئەنقىدىي تەربىيە بېرىش كېرەك. قايتا - قايتا تەربىيە بەرسىمۇ ئۆزگەرمىگەنلەرنىڭ دىنىي كەسپىي خادىملىق سالاھىيىتىنى ئېلىپ تاشلاش لازىم.

پارتىيە ئەزالىرى ئات قويۇش، خەتمە قىلىش، توي خېتى ئالغاندىن كېيىن نىكاھ ئوقۇتۇش، مېيىت نامىزىنى چۈشۈرۈش، دەپنە قىلىش ۋە نەزىر ئۆتكۈزۈش قاتارلىقلارغا قاتناشسا گەرچە بۇلار مەلۇم دىنىي تۈس ئالغان بولسىمۇ، لېكىن بەزى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئۆرپ - ئادىتىگە ئايلىنىپ كەتكەچكە، دىنىي پائالىيەتكە قاتناشمىغان ھېسابلاپ مۇئامىلە قىلىشقا بولىدۇ.

## 5. دىنىي مەزھەپ مەسىلىسىنى توغرا بىر تەرەپ قىلىش كېرەك

يېقىنقى بىر قانچە يىلدىن بېرى، چەتتىن كىرگەن ئىسلام دىنى ۋاھابىيە مەزھىپى قارىشى قەشقەر شەھىرى، خوتەن ۋىلايىتىدىكى بەزى ناھىيە، شەھەرلەردە تېز ئەۋج ئالدى، ئۇنىڭغا ئېتىقاد قىلىدىغانلار كۈندىن - كۈنگە كۆپىيىپ كەتتى، بۇنىڭ بىلەن بۇ قاراشتىكىلەر بىلەن شۇ يەردىكى ئەنئەنىۋى قاراشتىكىلەر ئوتتۇرىسىدا زىددىيەت يۈز بەردى. ھەتتا ئۇلار بىر - بىرىگە ھۇجۇم قىلىشىپ، جەمئىيەتنىڭ مۇقىملىقىغا تەسىر يەتكۈزدى.

دىنىي مەزھەپلەردىكى زاتلارنىڭ ۋە دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئاممىنىڭ سوتسىيالىزم، ۋەتەنپەرۋەرلىكتىن ئىبارەت بۇ ئورتاق ئاساستا، ئۆز ئارا ھۆرمەت قىلىپ، ئوخشاشلىقلاردا بىرلىككە كېلىپ پەرقلەرنى ساقلاپ قېلىپ ئىناق ئۆتۈشىنى تەشەببۇس قىلىش لازىم. ئۆز ئارا ھۇجۇم قىلىش، جەمئىيەتنىڭ مۇقىملىقىغا تەسىر يەتكۈزۈشكە يول قويۇلمايدۇ، چەت ئەللەردىكى بۆلگۈنچى كۈچلەرنىڭ دىنىي مەزھەپلەر ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتلەردىن پايدىلىنىپ مىللىي بۆلگۈنچىلىك ھەرىكىتى، سىڭىپ كىرىش، ئاغدۇرمىچىلىق ۋە بۇزغۇنچىلىق ھەرىكەتلىرى بىلەن شۇغۇللىنىشىدىن ھوشيار بولۇش لازىم.

شىنجاڭ ئاز سانلىق مىللەتلەر ئاپتونومىيىسى يولغا قويۇلغان جاي ۋە چېگرا رايون ئىكەنلىكىنى نەزەردە تۇتۇپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ۋە جەمئىيەتنىڭ مۇقىملىقىنى قوغداشتىن ئىبارەت ئومۇملۇقنى ئاساس قىلىپ، شىنجاڭدا خرىستىئان دىنى، كاتولىك دىنى مۇخلىسلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرماسلىق فاڭجېنىدا داۋاملىق چىڭ تۇرۇش لازىم. جايلاردىكى بۇ ئىككى دىن مەسئۇللىرىغا سىياسىي - ئىدىيىۋى تەربىيىنى چوڭقۇر ئېلىپ بېرىپ، ئۇلارنىڭ بۇ فاڭجېننى قوبۇل قىلىشى ۋە ئىجرا قىلىشىغا تۈرتكە بولۇش كېرەك. ھۆكۈمەت ۋە دىنىي خىزمەت تارماقلىرى

نازارەت قىلىش، ئەكسئورۇشنى كۈچەيتىپ، بۇ ئىككى دىنغا كىرىپ بولغانلارنى تىزىملاپ، باشقۇرۇشنى كۈچەيتىپ، «ئۈچنى بېكىتىش» (يەنى ئادەمنى، ئورۇننى، دائىرىنى بېكىتىش)نى يولغا قويۇشى لازىم. جايلاردىكى دىنىي ئىشلارغا مەسئۇل كىشىلەرنى ئەكسئورۇپ، دىن تارقاتقۇچى بولۇۋالغانلارنىڭ ھەرىكىتىنى چەكلەش لازىم. مەركىزىي كومىتېت بەنگۇڭتىڭىنىڭ (1989) 3 - نومۇرلۇق ھۆججىتىنى داۋاملىق ئىزچىللاشتۇرۇپ، كاتولىك دىنى روھانىيلىرى ۋە مۇخلىسلىرى ئارىسىدا ۋەتەنپەرۋەرلىك تەربىيىسى ۋە مۇستەقىل، ئۆز - ئۆزىگە خوجا بولۇش، دىنىي جەمئىيەتلەرنى ئۆزى باشقۇرۇش فاڭجېنى توغرىسىدىكى تەربىيىنى چوڭقۇر ئېلىپ بېرىپ، ئۇلارنىڭ كۆپ ساندىكىلىرى بىلەن ئىتتىپاقلىشىپ ئۇلارنى قولغا كەلتۈرۈش، خاتا مەيداندا چىڭ تۇرغان ئىنتايىن ئاز ساندىكى جاھىللارنى يېتىم قالدۇرۇش لازىم.

## 6. دۆلەت سىرتىدىكى دۈشمەن كۈچلەرنىڭ دىندىن پايدىلىنىپ سىڭىپ كىرىش، بۇزغۇنچىلىق قىلىش ھەرىكەتلىرىنى ئېلىپ بېرىشىغا قەتئىي تاقابىل تۇرۇش كېرەك

دىنىي ئىشلار جەھەتتىكى خەلقئارا دوستانە بېرىش - كېلىشنى پائال قانات يايدۇرۇشتا، مۇستەقىل، ئۆزىگە ئۆزى خوجا بولۇش، ئۆز - ئۆزىنى باشقۇرۇش فاڭجېنىدا ۋە «ئۆزىنى ئاساس قىلىش، ئۆزىگە پايدىلىق بولۇش» پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇش لازىم. ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ دىنىي تەشكىلاتلىرى ۋە دىنىي ئىشلىرىنى چەت ئەل كۈچلىرىنىڭ ئىلكىگە چۈشۈرۈپ قويۇشقا مۇتلەق يول قويۇلمايدۇ. ئاموۋنا ئورۇنلىرى چەت ئەللەردىن ئەۋەتىلگەن دىنىي كىتابلار، ئۈن - سىن لېنتىلىرىنى ۋە باشقا تەشۋىقات بۇيۇملىرىنى بەلگىلىمە بويىچە قاتتىق بىر تەرەپ قىلىشى، ئەكسىيەتچىل مەزمۇندىكىلىرىنى بىردەك مۇسادىرە قىلىشى كېرەك. چەت ئەللىك دىندارلار ئاپتونوم رايونىمىزدىكى سىرتقا ئېچىۋېتىلگەن مەسچىت، بۇتخانا ۋە چېركاۋدا نورمال دىنىي مۇراسىملارغا قاتناشسا بولىدۇ، ئەمما ئۇلارنىڭ ئىمامەتچىلىك قىلىشىغا ۋە تەپسىر قىلىشىغا بولمايدۇ، دىنىي تەشۋىق قىلىشىغا ۋە دىنىي تەشۋىقات بۇيۇملىرىنى تارقىتىشىغىمۇ بولمايدۇ، ئاخبارات توپلاشقا ۋە كوممۇنىستىك پارتىيە، سوتسىيالىزم تۈزۈمى بىلەن دۈشمەنلىشىش ئىدىيىسىنى تارقىتىشقا تېخىمۇ بولمايدۇ. خىلاپلىق قىلغۇچىلار قانۇن بويىچە بىر تەرەپ قىلىنىدۇ. چەت ئەللەرگە ئېچىۋېتىلمىگەن مەسچىت، بۇتخانا ۋە چېركاۋلارغا چەت ئەللىكلەرنىڭ كىرىشىگە بولمايدۇ. دىنىي تەشكىلاتلار، دىنىي شۆبىۋەن - مەكتەپلەرنىڭ تەستىقتىن ئۆتكۈزمەي تۇرۇپ چەت ئەل ئەلچىخانىلىرى ياكى دىنىي تەشكىلاتلىرى بىلەن ئالاقە قىلىشىغا، چەت ئەللىكلەرنى ئۆز ئالدىغا كۈتۈۋېلىشىغا، چەت ئەل مۇخبىرلىرىنىڭ زىيارىتىنى قوبۇل قىلىشىغا بولمايدۇ، ھەر قانداق كىشىنىڭ چەت ئەل دىنىي تەشكىلاتلىرى ۋە دىنىي خادىملىرىدىن پۇل تەلەپ قىلىشىغا يول قويۇلمايدۇ. چەت ئەللىك دىندارلار ئاپتونوم رايونىمىزغا كېلىپ نوقۇل دىنىي ھېسسىياتنى چىقىش قىلىپ، ھېچقانداق شەرت قويماي بىر نەرسە ئىئانە قىلماقچى بولسا، شۇ جايدىكى بىرلىكسەپ، دىنىي خىزمەت تارماقلىرىغا مەلۇم قىلىش كېرەك. ئەمما ئىئانە قىلىنغان پۇل خەلق پۇلى ھېسابىدا 10 مىڭ يۈەندىن ئېشىپ كەتسە، بەلگىلىمە بويىچە ئاۋۋال مەلۇم قىلىپ تەستىقلاتقاندىن كېيىن ئاندىن قوبۇل قىلىش لازىم. چەت ئەللىكلەر دىنىي پائالىيەت سورۇنلىرى، دىنىي شۆبىۋەن - مەكتەپلەر ۋە دىنىي زاتلارنى زىيارەت قىلماقچى بولسا، بىرلىكسەپ، دىنىي خىزمەت تارماقلىرىغا ۋاقتىدا دوكلات قىلىپ، ئۇلارنىڭ ماقۇللۇقىنى ئالغاندىن كېيىن رۇخسەت قىلىش كېرەك. چەت ئەللەرنىڭ ئېلىمىزدىكى ئاپپاراتلىرى ۋە چەت ئەل دىنىي شۆبىۋەن - مەكتەپلىرىنىڭ ئاپتونوم رايونىمىزدا ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىشىغا ھەرگىزمۇ يول قويۇلمايدۇ. چەت ئەللەردىن شەخسلەرگە ئەۋەتىلگەن ھەج قىلىش تەكلىپنامىلىرى ياكى ھەقسىز ئوقۇش گۇۋاھنامىلىرى بىردەك ئېتىراپ قىلىنمايدۇ. ھەج قىلىشنى باشقۇرۇش خىزمىتىنى كۈچەيتىش لازىم. بۇنىڭدىن كېيىن، ھەجگە بارىدىغانلارنىڭ سانىنى مۇۋاپىق ئازايتىش ھەمدە تەشكىللىك رەھبەرلىكنى كۈچەيتىپ، ھەج قىلىدىغانلارنىڭ چەت ئەللەردىكى دۈشمەن

كۆچلىرىنىڭ سىڭىپ كىرىشىگە تاقابىل تۇرۇش ئاڭلىقلىقىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈش لازىم.

دىنىي تونىغا ئورىنىۋالغان بىر ئۇچۇم مىللىي بۆلگۈنچىلەر ۋە ئەكسىيەتچىلەرنى كەڭ دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئامما ۋە ۋەتەنپەرۋەر دىنىي زاتلارغا تايىنىپ ۋە ئۇلارنى قوزغاپ پاش قىلىپ ۋە ئاشكارىلاپ، ئۇلارنىڭ بۇزغۇنچىلىق سۇيىقەستىنى بىخلىنىپ بولغىچە بىتچىت قىلىش لازىم.

## 7. پارتىيە كومىتېتى ۋە خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ دىنىي خىزمەتكە بولغان رەھبەرلىكىنى يەنىمۇ كۈچەيتىش لازىم

دىنىي خىزمەت بىرلىكسەپ خىزمىتىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى، ئومۇمىي ۋەزىيەتكە مۇناسىۋەتلىك ئىنتايىن مۇھىم خىزمەت، ھەر دەرىجىلىك پارتىيە كومىتېتلىرى ۋە خەلق ھۆكۈمەتلىرى چوقۇم دىنىي خىزمەتنى مۇھىم ئىشلار كۈنتەرتىپىگە كىرگۈزۈپ، قەرەللىك ھالدا دوكلات ئاڭلاپ، ئەستايىدىل مۇزاكىرە قىلىپ، دىنىي خىزمەتتىكى يېڭى ئەھۋال، يېڭى مەسىلىلەرنى ۋاقتىدا مۇھاكىمە قىلىپ ھەل قىلىشى لازىم. ھەر دەرىجىلىك پارتىيە كومىتېتلىرى ۋە خەلق ھۆكۈمەتلىرىنىڭ رەھبىرىي ئەزالىرىدىن بىرەيلەن دىنىي خىزمەتنى ئىش تەقسىماتى بويىچە باشقۇرۇشى، بىرىنچى قول باشلىق دىنىي خىزمەتكە ئەھمىيەت بېرىپ، مۇشۇ جەھەتتىكى چوڭ - چوڭ مەسىلىلەرنى مۇھاكىمە قىلىپ بىر تەرەپ قىلىشقا بىۋاسىتە رىياسەتچىلىك قىلىشى لازىم.

ھەر دەرىجىلىك پارتىيە كومىتېتلىرى ۋە خەلق ھۆكۈمەتلىرىنىڭ رەھبەرلىرى ماركسىزم - لېنىنىزم، ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسىنىڭ دىنىي مەسىلە توغرىسىدىكى نەزەرىيىلىرى، دىنىي مەسىلە توغرىسىدىكى فاڭجېن، سىياسەتلەر ۋە دىنغا دائىر ئاساسىي بىلىملەرنى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ، سىياسەت ۋە تاكتىكىغا دىققەت قىلىپ، رەھبەرلىك سەنئىتىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈپ، ئۆزىدە دىنىي مەسىلىلەرنى ماركسىزملىق مەيدان، ئۇقتىشنەزەر ۋە ئۇسۇل بىلەن توغرا تەھلىل قىلىش ۋە بىر تەرەپ قىلىش ئىقتىدارىنى ھەقىقىي تۈردە يېتىشتۈرۈشى لازىم. ئىلگىرى ئىشلەنگەن دىنىي باشقۇرۇش خىزمىتىنى ئەستايىدىل ئەسلەپ، خۇلاسىلەپ، نەتىجىلەرنى مۇئەييەنلەشتۈرۈپ، پەرقلەرنى تېپىپ چىقىپ، ساۋاقنى قوبۇل قىلىپ، ئۆز جايىنىڭ دىنىي خىزمىتىگە بولغان رەھبەرلىكىنى يەنىمۇ كۈچەيتىشى لازىم.

دىنىي باشقۇرۇش خىزمىتى ئاپپاراتلىرىنى كۈچەيتىش، كادىرلارنىڭ ساپاسىنى ئۆستۈرۈش، دىنىي خىزمەت تارماقلىرىنىڭ شارائىتىنى ياخشىلاش لازىم. ئاپتونوم رايونلۇق دىنىي ئىشلار ئىدارىسى ۋە ۋىلايەتلىك، ئوبلاستلىق، شەھەرلىك دىنىي ئىشلار ئىدارىلىرى (باشقارمىلىرى)نى يەنىمۇ كۈچەيتىش كېرەك. ناھىيە (شەھەر)لەردە دىنىي ئىشلار ئىدارىسى قۇرۇش لازىم. ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەر، ناھىيىلەرنىڭ دىنىي باشقۇرۇش خىزمىتى ئاپپاراتلىرىنىڭ كادىرلار كۈچىنى تولۇقلاش لازىم. چوڭ، ئوتتۇرا تىپتىكى كارخانىلار ئېھتىياجىغا قاراپ دىنىي خىزمەت باشقۇرۇش ئاپپاراتى قۇرسا بولىدۇ. ۋىلايەتلىك، ئوبلاستلىق، شەھەرلىك پارتىيە كومىتېتلىرى بىرلىكسەپ بۆلۈمىدە دىنىي خىزمەتنى باشقۇرىدىغان كەسپىي باشقارما (بۆلۈم) قۇرۇش كېرەك؛ ناھىيىلىك، شەھەرلىك پارتىيە كومىتېتلىرىنىڭ بىرلىكسەپ بۆلۈمى دىنىي خىزمەتنى مۇھىم خىزمەت قاتارىدا تۇتۇشى لازىم. يېزىلىق، بازارلىق پارتىيە كومىتېتلىرى ئاساسلىقى دىنىي ۋە مىللىي خىزمەت ئىشلەيدىغان مەخسۇس بىرلىكسەپ كادىرلىرى قويۇشى لازىم.

ھەر دەرىجىلىك بىرلىكسەپ، دىنىي ئىشلار خىزمىتى تارماقلىرى ئۆزىنىڭ تەشكىلىي قۇرۇلۇشىنى ۋە ئىدىيىۋى قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىشى لازىم. دىنىي ئىشلار خىزمىتى تارماقلىرى سىياسىي ئىدىيىسى ياخشى، پارتىيىۋىلىكى كۈچلۈك، دىنىي ئىشلار خىزمىتىنى قىزغىنلىق بىلەن ئىشلەيدىغان، ياش، يارامىلىق كادىرلارنى سەپلىشى لازىم. تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىپ، ئەھۋاللارنى ئەينەن يەتكۈزۈپ، تەكلىپلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمەتلىرىنىڭ ئوبدان مەسلىھەتچىسى، ياردەمچىسى بولۇشى لازىم. ھەر دەرىجىلىك پارتىيە مەكتەپلىرى ۋە

(ئاخىرى 49 - بەتتە)

# ئاپتونوم رايونىمىزدىكى يېزا ئاساسىي قاتلام ھاكىمىيەت قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش توغرىسىدا پىكىر

## ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ئىشلار نازارىتى

يېزا ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىدىن كېيىن، ئاپتونوم رايونىمىز مەركەزنىڭ بىر تۇتاش ئورۇنلاشتۇرۇشى بويىچە، يېزا ئاساسىي قاتلام ھاكىمىيتى تۈزۈلمىسىنى ئىسلاھ قىلدى، 1983 ـ يىلدىن 1984 ـ يىلغىچە بولغان ئارىلىقتا، ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە ھاكىمىيەت بىلەن گۇڭشېنى ئايرىۋېتىپ، يېزا (بازار)لىق خەلق ھۆكۈمىتى قۇرۇلدى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، كەنت ئاھالە كومىتېتى ۋە كەنت ئاھالە گۇرۇپپىسى قۇرۇلدى.

ئاساسىي قاتلام ھاكىمىيەت قۇرۇلۇشى خىزمىتىنى كۈچەيتىش ئۈچۈن ئاپتونوم رايونىمىزدا ئاساسىي قاتلام ھاكىمىيەت قۇرۇلۇشىغا رەھبەرلىك قىلىش گۇرۇپپىسى قۇرۇلۇپ، تۈرلۈك خىزمەتلەر پائال قانات يايدۇرۇلدى، يېزا (بازار) لىق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ تەشكىلىي ئاپپاراتلىرى ۋە رەھبەرلىك بەنزىلىرى ئاساسەن مۇكەممەللەشتۈرۈلدى، خىزمەت تۈزۈمى ئورنىتىلدى ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈلدى، بىر تۈركۈم يېزا ـ كەنت كادىرلىرى يېتىشتۈرۈلدى، قىسمەن ناھىيە (شەھەر)لەردە يېزا (بازار)لىق خەلق ھۆكۈمەتلىرىگە مەمۇرىي ئاپپاراتلارنى ئىخچاملاپ، ھوقۇقنى چۈشۈرۈپ بېرىش سىناق قىلىندى، ئاپتونوم رايونىمىز يېزىلىرىنىڭ ئىككى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىغا بىر قەدەر ئۈنۈملۈك ھالدا رەھبەرلىك قىلىندى ۋە ئۇ ئىلگىرى سۈرۈلدى.

ئاپتونوم رايونىمىزدىكى يېزا ئاساسىي قاتلام ھاكىمىيەت قۇرۇلۇشى ۋە ئۆزىنى ئۆزى ئىدارە قىلىش تەشكىلاتلىرىنىڭ قۇرۇلۇش ئەھۋالى ئومۇمەن ياخشى. لېكىن، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى يېزا ئاساسىي قاتلام ھاكىمىيەت قۇرۇلۇشىدا يەنە بىر مۇنچە مەسىلە ساقلانماقتا. ئۇنىڭ ئاساسلىق ئىپادىلىرى مۇنۇلار: بەزى يېزا (بازار)لىق خەلق ھۆكۈمەتلىرى قانۇندا بەلگىلەنگەن مەسئۇلىيىتىنى ئومۇميۈزلۈك ئادا قىلالمايۋاتىدۇ، ئۆز ھوقۇقىنى ئومۇميۈزلۈك يۈرگۈزەلمەيۋاتىدۇ؛ ئاز ساندىكى يېزا (بازار)لاردىكى رەھبىرىي كادىرلارنىڭ ساپاسى ناچار، ھازىرقى خىزمەتنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالمايۋاتىدۇ، بەزىلىرى ھۆكۈمەت ئىشىدا پاك بولالمايۋاتىدۇ، ئىستىل جەھەتتە زوراۋان بولۇپ، كادىرلار بىلەن ئاممىنىڭ مۇناسىۋىتىنى جىددىيلەشتۈرۈۋېتىۋاتىدۇ؛ ئىنتايىن ئايرىم ساندىكى ئاساسىي قاتلام ھاكىمىيىتىنىڭ رەھبەرلىك ھوقۇقى ھەتتا يۈزلۈك ئادەملەرنىڭ قولىغا چۈشۈپ كەتكەن؛ بەزى كەنت ئاھالە كومىتېتلىرىنىڭ تەشكىلى مۇكەممەل بولمىغانلىقتىن، ئۆز ـ ئۆزىنى باشقۇرۇش، ئۆز ـ ئۆزىنى تەربىيەلەش، ئۆز ـ ئۆزى ئۈچۈن خىزمەت قىلىش رولىنى جارى قىلدۇرالمايۋاتىدۇ؛ ئاز ساندىكى كەنت ئاھالە كومىتېتى شەكىلگە ئايلىنىپ قالغان بولۇپ، خىزمەتلەرنى نورمال قانات يايدۇرالمايۋاتىدۇ، بەزىلىرى پالەچ، يېرىم پالەچ ھالغا چۈشۈپ قالغان؛ كەنت دەرىجىلىك بىر مۇنچە كوللېكتىپ ئىگىلىك ئاجىزلىشىپ كەتكەن، ئىجتىمائىيلاشقان مۇلازىمەت سىستېمىسى بەرپا قىلىنمىغان، كەنت ئاھالە كومىتېتلىرىنىڭ چاقىرىق قىلىش ۋە ئۇيۇشتۇرۇش كۈچى ئاجىز بولغان، خىزمەتلەرنى نورمال قانات يايدۇرالمىغان، كەنتنىڭ تۈرلۈك ئىشلىرىنى ئۈنۈملۈك باشقۇرالمىغان.

بۇ مەسىلىلەرنىڭ ساقلىنىشى ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ يېزا قۇرۇلۇشى ۋە ئىسلاھات ئىشلىرىنىڭ راۋاجلىنىشىغا تەسىر يەتكۈزدى. ساقلىنىۋاتقان مەسىلىلەرنى ۋە ئاجىز ھالقىلارنى قاراتمىلىقى بولغان ھالدا ھەل قىلىش، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى يېزا ئاساسىي قاتلام ھاكىمىيىتىنى ھەقىقىي تۈردە جان ـ دىل بىلەن خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان، ئامما بىلەن قويۇق ئالاقە باغلايدىغان، ئۆز مەمۇرىي رايوندىكى سىياسىي، ئىقتىساد، مەدەنىيەت ئىشلىرىغا ۋە تۈرلۈك ئىشلارغا رەھبەرلىك قىلىدىغان ۋە ئۇنى باشقۇرىدىغان، جانلىق، نوپۇزلۇق، يۇقىرى ئۈنۈمگە ئىگە بىر دەرىجىلىك ھاكىمىيەت قىلىپ قۇرۇپ چىقىش ئۈچۈن تۆۋەندىكىچە پىكىرنى ئوتتۇرىغا قويۇمىز:

## 1. پارتىيە رەھبەرلىكىنى كۈچەيتىپ، ئاساسىي قاتلام ھاكىمىيەت قۇرۇلۇشىغا ئەھمىيەت بېرىش كېرەك

ئاساسىي قاتلام ھاكىمىيىتى — دۆلەت ھاكىمىيىتىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى، خەلق دېموكراتىيىسى دىكتاتۇرىسىنىڭ ئاساسى، پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ فاڭجېن، سىياسەت، قانۇن، ئەمر - پەرمانلىرىنىڭ ئەمەلىيلىشىش ئۇقتىسى. ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر دەرىجىلىك پارتىيە كومىتېتلىرى، خەلق ھۆكۈمەتلىرى سىياسىي، ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي مۇقىملىقتىن ئىبارەت چوڭ ئومۇملۇقنى قوغداش، مىللىي بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش، ئىچكى - تاشقى دۈشمەنلەر كۈچلىرىنىڭ تىنچ ئۆزگەرتىۋېتىش سۇيىقەستىنى تارمار قىلىش، دۆلەتنىڭ ئۇزاققىچە ئامان - ئېسەن بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلىشتەك ستراتېگىيىلىك يۈكسەكلىكتە تۇرۇپ ئاساسىي قاتلام ھاكىمىيىتى بولۇپمۇ يېزا ئاساسىي قاتلام ھاكىمىيىتى قۇرۇلۇشىنىڭ مۇھىملىقىنى تولۇق تونۇپ، كۈچلۈك تەدبىر قوللىنىپ، يېزا ئاساسىي قاتلام ھاكىمىيەت قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىشى لازىم.

ھەر دەرىجىلىك پارتىيە كومىتېتلىرى ۋە خەلق ھۆكۈمەتلىرى يېزىلارنىڭ ئاساسىي قاتلام ھاكىمىيەت قۇرۇلۇشىنى ھەقىقىي تۈردە مۇھىم ئىشلار كۈنتەرتىپىگە كىرگۈزۈپ، ئاساس سېلىش خىزمىتى سۈپىتىدە ئۇزاققىچە بوشاشماي تۇتۇشى لازىم. يېزا ئاساسىي قاتلام ھاكىمىيەت قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش پىلانىنى تۈزۈپ، ئاساسىي قاتلام ھاكىمىيەت تۈزۈلمىسىنى تەدرىجىي مۇكەممەللەشتۈرۈشى، يېزا ئاساسىي قاتلام ھاكىمىيەت قۇرۇلۇشى ۋەزىيىتىنى ھەمىشە تەھلىل قىلىپ تۇرۇشى، ساقلانغان مەسىلىلەرنى ۋاقتىدا مۇھاكىمە قىلىپ ھەل قىلىشى كېرەك.

ئاساسىي قاتلام ھاكىمىيەت قۇرۇلۇشى خىزمىتىنى ماسلاشتۇرۇپ بىرلىككە كەلتۈرۈش ئۈچۈن، ناھىيە (شەھەر) دەرىجىلىكتىن يۇقىرى پارتىيە كومىتېتلىرى، خەلق ھۆكۈمەتلىرى ئاساسىي قاتلام ھاكىمىيىتى رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى قۇرۇشى ھەمدە ئۇنىڭغا بىر نەپەر ئاساسلىق رەھبىرىي يولداشنى مەسئۇل قىلىشى كېرەك، ئاپتونوم رايونلۇق ۋە ۋىلايەتلىك، ئوبلاستلىق، شەھەرلىك خەلق ئىشلىرى تارماقلىرى ئاساسىي قاتلام ھاكىمىيىتى ئاپپاراتى قۇرۇپ، ئۇنى كۈندىلىك خىزمەتلەرنى بىر تەرەپ قىلىشقا مەسئۇل قىلىشى كېرەك. ناھىيە (شەھەر) لىك خەلق ئىشلىرى تارماقلىرىمۇ مەخسۇس ئادەم قويۇپ بۇ خىزمەتكە مەسئۇل قىلىشى كېرەك.

## 2. يېزا (بازار)لاردا خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، يېزا (بازار) لىق خەلق قۇرۇلتايلىرىنىڭ رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇش كېرەك

ھەر دەرىجىلىك پارتىيە كومىتېتلىرى، خەلق ھۆكۈمەتلىرى يېزا (بازار)لىق خەلق قۇرۇلتايلىرىنىڭ ئورنى ۋە رولىغا ئەھمىيەت بېرىشى لازىم. يېزا (بازار)لىق خەلق ھۆكۈمەتلىرى خەلق ئۆز ئىشىغا ئۆزى خوجا بولۇشى كېرەك دېگەن قاراشنى مۇستەھكەم تۇرغۇزۇپ، ھەقىقىي يوسۇندا خەلق قۇرۇلتىيى ئالدىدا جاۋابكار بولۇشى ھەمدە ئۆز خىزمىتىدىن ئەستايىدىل دوكلات بېرىشى، ئۆز خىزمىتىنى خەلق ئاممىسىنىڭ نازارىتى ئاستىغا قويۇشى ۋە خەلق ئاممىسىنى سەپەرۋەر قىلىپ، دۆلەت ئىشلىرىنى باشقۇرۇشقا پائال قاتناشتۇرۇشى لازىم.

يېزا (بازار)لىق خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ھوقۇق يۈرگۈزۈشىگە ئەھمىيەت بېرىش كېرەك. يېزا (بازار)لاردىكى چوڭ - چوڭ مەسىلىلەرنى، مەسىلەن، ئىگىلىك ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىيات پىلانى، مالىيە خام چوتى، ئابەشتە ياخشى يېزا قۇرۇش پىلانى، يېزا (بازار) باشلىقلىرىنىڭ ۋەزىپە ئۆتەش مەزگىلىدىكى نىشانى قاتارلىقلارنى خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ مۇزاكىرە قىلىپ قارار قىلىشىغا تاپشۇرۇش لازىم. خىزمەتنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالمىغان ياكى ئېغىر خاتالىقى بار يېزا (بازار) باشلىقلىرىنى خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ماقۇللىشى بىلەن ۋەزىپىسىدىن ئېلىپ تاشلىغاندىن باشقا ئومۇمەن

ۋەزىيەت ئۆتنەۋاتقان مەزگىلدە يۈتكىمەي نىسبىي مۇقىملىقنى ساقلاش لازىم. مەلۇم سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن يېزا (بازار) باشلىقلىرى، مۇئاۋىن باشلىقلىرىنىڭ ئورنى بوش قالغان بولسا، ۋاقتىدا خەلق قۇرۇلتىيىنى چاقىرىپ قانۇن بويىچە سايلاپ تولۇقلاش لازىم.

خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرى خىزمىتىنى كۈچەيتىش لازىم. يېزا (بازار)لىق خەلق قۇرۇلتىيى ھەيئەت رىياسەتچىنىڭ دائىمىي رەئىسى قۇرۇلتاي يىغىلمىغان مەزگىلدە ۋەكىللەرنى تەشكىللەپ، سايلىغۇچىلار بىلەن ئالاقىلىشىش تۈزۈمىنى ئورنىتىپ، خەلق ئاممىسى بىلەن بولغان قويۇق ئالاقىنى ساقلىشى لازىم. يەنە ئەمەلىي ئېھتىياجغا قاراپ، ۋەكىللەرنى تەيۈشتۈرۈپ تۈرلۈك پائالىيەتلەرنى قانات يايدۇرۇشى، يېزا (بازار)لىق ھۆكۈمەتنىڭ خىزمىتىگە ئۈنۈملۈك نازارەتچىلىك قىلىشى لازىم. يېزا (بازار)لىق خەلق ھۆكۈمىتى خەلق ۋەكىللىرىنىڭ خىزمەتلەرنى تەكشۈرۈشى ۋە كۆزدىن كەچۈرۈشىنى قوللىشى ۋە قارشى ئېلىشى، ئۇلارنىڭ پىكىر ۋە تەكلىپلىرىگە ئەستايىدىل قۇلاق سېلىپ، ئۇلارنىڭ نازارىتىنى قوبۇل قىلىشى لازىم.

## 3. ئاساسىي قاتلام ھاكىمىيەت تەشكىلاتلىرىنى تەرتىپكە سېلىپ، ئاساسىي قاتلام ھاكىمىيىتىنىڭ فۇنكسىيىسىنى ئومۇمىيۈزلۈك جارى قىلدۇرۇش لازىم

ھەر دەرىجىلىك پارتىيە كومىتېتلىرى ۋە خەلق ھۆكۈمەتلىرى كۈچ تەشكىللەپ، ئۆز رايونىدىكى يېزا ئاساسىي قاتلام ھاكىمىيەت قۇرۇلۇشىنىڭ ئەھۋالىنى ئەستايىدىل تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشى لازىم. ئەھۋاللارنى ئېنىق ئىگىلىگەن ئاساستا، تۈرگە ئايرىپ، رەتكە تۇرغۇزۇپ، ئوخشاش بولمىغان ئەھۋاللارنى پەرقلەندۈرۈپ، ئوخشاش بولمىغان ئۇسۇللارنى قوللىنىپ، ساقلانغان مەسىلەرنى قاراتمىلىقى بولغان ھالدا ھەل قىلىشى لازىم، ئادەتتىكىچە مەسىلەر ساقلانغان ئاساسىي قاتلام ھاكىمىيەت تەشكىلاتلىرى ۋە ئۆز - ئۆزىنى ئىدارە قىلىش تەشكىلاتلىرىدا نېمە مەسىلە بولسا شۇ مەسىلىنى ھەل قىلىشى لازىم؛ پالەچ، يېرىم پالەچ ھالغا چۈشۈپ قالغان ئاساسىي قاتلام ھاكىمىيىتى ۋە ئۆزىنى ئۆزى ئىدارە قىلىش تەشكىلاتلىرىنى مۇددەتكە، تۈركۈمگە بۆلۈپ تەرتىپكە سېلىشى لازىم.

تەرتىپكە سېلىشنىڭ مۇھىم ئۇقتىسى رەھبەرلىك بەنزە مەسىلىسىنى ھەل قىلىشتىن ئىبارەت. يېزا (بازار) باشلىقنى ئوبدان سەپلەپ، يېزا ئاساسىي قاتلام ھاكىمىيىتىنى تۆت ئاساسىي پرىنسىپتا چىڭ تۇرىدىغان، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى قەتئىي قوغدايدىغان، مىللىي بۆلگۈنچىلىككە قەتئىي قارشى تۇرىدىغان، جان - دىل بىلەن ھەر مىللەت خەلقى ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان، ھەر مىللەت دېھقان، چارۋىچىلىرى بىلەن زىچ ئالاقە باغلايدىغان مۇنەۋۋەر كادىرلارنىڭ قولىغا مەھكەم ئۇتقۇزۇش كېرەك، ئاساسىي قاتلام ھاكىمىيەت تەشكىلدە خىزمەت قىلىۋاتقان پارتىيىلىك كادىرلارنىڭ ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش ئېڭىنى ئۆستۈرۈپ، ئۇلارنى پارتىيىسىز كادىرلار بىلەن زىچ ئىتتىپاقلىشىپ، خىزمەت داۋامىدا پارتىيىنىڭ ئاساسىي لۇشيەنىدە چىڭ تۇرۇپ، پارتىيىنىڭ لۇشيەن، فاڭجېن، سىياسەتلىرى ۋە قارارلىرىنى قەتئىي ئىزچىللاشتۇرۇپ، «بەرلىك تەشكىلىي قانۇنى»دا بەلگىلەنگەن ھوقۇقنى ئەترابلىق يۈرگۈزۈش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىش لازىم.

تەرتىپكە سېلىش خىزمىتىدە تەربىيىنى ئاساس قىلىش، ئىدىيە جەھەتتە تەرتىپكە سېلىشنى گەۋدىلەندۈرۈش لازىم. قەدەم - باسقۇچ جەھەتتە ئاساسەن: تەكشۈرۈپ ئىگىلەش، ئەھۋالنى ئېنىقلاش؛ ھۆججەت ئۆگىنىپ، تونۇشنى ئۆستۈرۈش؛ ئاممىنى سەپەرۋەر قىلىپ، زىددىيەتلەرنى ئاشكارىلاش؛ كادىرلارنى تاللاپ سەپلەپ، بەنزىنى كۈچەيتىش؛ تەشكىلنى مۇكەممەللەشتۈرۈش، تۈزۈم ئورنىتىشتىن ئىبارەت بەش باسقۇچقا بۆلۈشكە بولىدۇ. ئاساسىي قاتلام ھاكىمىيىتى ۋە ئۆزىنى-ئۆزى ئىدارە قىلىش تەشكىلاتلىرىنى تەرتىپكە سېلىش بىلەن پارتىيە تەشكىلاتلىرىنى

تەرتىپكە سېلىش ئومۇمەن بىرلا ۋاقىتتا ئېلىپ بېرىلىدۇ، كونكرېت ئورۇنلاشتۇرۇشتا ئاۋۋال ئاساسىي قاتلام پارتىيە تەشكىلاتلىرى تەرتىپكە سېلىنىدۇ. تەرتىپكە سېلىش خىزمىتىنىڭ چېتىشلىق دائىرىسى كەڭ، سىياسەتچانلىقى كۈچلۈك ئىكەنلىكىنى كۆزدە تۇتۇپ، جايلار رەھبەرلىكنى كۈچەيتىپ، ئەستايىدىل ھالدا ئۆز ۋاقتىدا سىناق قىلىپ، تەجرىبە ھاسىل قىلغاندىن كېيىن ئاندىن ئومۇميۈزلۈك كېڭەيتىشى لازىم.

## 4. كەنت ئاھالە كومىتېتىنىڭ قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، ئۆزىنى ئۆزى ـ ئىدارە قىلىش تەشكىلاتلىرىنىڭ رولىنى جارى قىلدۇرۇش كېرەك

بۇ يىلنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا، پۈتۈن ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ يېزىلىرىدا «كەنت ئاھالە كومىتېتى تەشكىلىي قانۇنى» نى تەشۋىق قىلىش پائالىيىتىنى ئومۇميۈزلۈك قانات يايدۇرۇش كېرەك. كەنت ئاھالە كومىتېتلىرى «كەنت ئاھالە كومىتېتى تەشكىلىي قانۇنى»غا ئاساسەن، تەشكىلنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، كەنت ئاھالە يىغىنى ۋە كەنت ئاھالە قۇرۇلتىيى تۈزۈمىنى ئورنىتىپ، ھەق تەلەپ مۇرەسسەسى، ئامانلىق ساقلاش، مەدەنىيەت، مائارىپ، سەھىيە قاتارلىق خىزمەت كومىتېتلىرىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش لازىم. كەنت ئاھالە گۇرۇپپىلىرىنى قۇرۇپ ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈپ، كەنت ئاھالە ۋەكىللىرىنىڭ ئائىلىلەر بىلەن ئالاقە باغلاش تۈزۈمىنى ئورنىتىپ، كەنت ئاھالە كومىتېتى خىزمىتىنىڭ ئائىلىلەرگىچە ئىشلىنىشىگە كاپالەتلىك قىلىش كېرەك. كەنت كادىرلىرىنى مەدەنىيەتلىك، مۇنەۋۋەر يېزا ياشلىرى ئارىسىدىن تاللاشقا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىش لازىم.

كەنت ئاھالە كومىتېتى كەنت ئاھالىلىرىنىڭ ئىشلارنى قاراپ چىقىش تۈزۈمىنى ئورنىتىپ ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈپ، دېموكراتىيىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، ئاممىنى «كەنت قائىدىسى، خەلق ئەھدىنامىسى» تۈزۈپ چىقىشقا سەپەرۋەر قىلىپ، كەڭ دېھقان، چارۋىچىلارغا نېمىگە رىئايە قىلىشى كېرەكلىكى، نېمىگە قارشى تۇرۇشى كېرەكلىكى؛ نەمۇنىلىك بىلەن ئىجرا قىلسا قانداق تەقدىرلىنىدىغانلىقى، خىلاپلىق قىلسا قانداق جازالىنىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈش لازىم، مۇشۇنداق قىلىش ئارقىلىق دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ قانۇن ـ تۈزۈم، ئىنتىزام قارىشىنى، دېموكراتىيە ئېڭىنى كۈچەيتىپ، ئۇلارنىڭ ئۆز ئىشىغا ئۆزى خوجا بولۇش ئاكتىپلىقىنى ئاشۇرۇش لازىم.

ئومۇمەن كەنت ئاھالە كومىتېتىنىڭ نۆۋەت ئالماشتۇرۇش سايلىمىنى يېزا (بازار)لىق خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ نۆۋەت ئالماشتۇرۇش سايلىمىغا بىرلەشتۈرمەي ئېلىپ بارغانلىكى جايلار ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى بەنگۈڭتىڭى تەستىقلاپ تارقاتقان خەلق ئىشلىرى نازارىتىنىڭ «ناھىيە، يېزىلارنىڭ نۆۋەت ئالماشتۇرۇش سايلىمىغا بىرلەشتۈرۈپ، كەنت (مەھەللە) ئاھالە كومىتېتىنىڭ نۆۋەت ئالماشتۇرۇش سايلىمى ۋە تەشكىلىي قۇرۇلۇشىنى ئېلىپ بېرىش توغرىسىدا پىكىر» (شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى بەنگۈڭتىڭىنىڭ (1990) 4 ـ نومۇرلۇق ھۆججىتى)نىڭ روھىغا ئاساسەن، بۇ يىلنىڭ ئاخىرىغىچە «كەنت ئاھالە كومىتېتى تەشكىلىي قانۇنى» دىكى بەلگىلىمىلەرگە ئاساسەن، 2 ـ نۆۋەتلىك كەنت ئاھالە كومىتېتىنىڭ نۆۋەت ئالماشتۇرۇش سايلىمىنى قانۇن بويىچە ئومۇميۈزلۈك ئېلىپ بېرىشى كېرەك.

## 5. ئادەم تاللاش يوللىرىنى كېڭەيتىپ، ئاساسىي قاتلام كادىرلار قوشۇنى قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش كېرەك

يېزا (بازار)لىق خەلق ھۆكۈمىتى ئورگىنىنىڭ خادىملار قۇرۇلمىسىنى تەڭشەش كېرەك. كادىر شتاتىنى ئىگىلەپ تۇرغان ئىشچى ۋە ۋەزىپىنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالمىغان كادىرلارنى خەلق ھۆكۈمىتى ئورگىنىدىن

يېتەكلەپ، مۇۋاپىق ئورۇنلاشتۇرۇش كېرەك. جايلار ھازىرقى ئاساسىي قاتلام كادىرلىرىنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈش خىزمىتىنى ئەستايىدىل ئوبدان ئىشلەپ، ئۇلارنىڭ سىياسەت سەۋىيىسى ۋە خىزمەت ئىقتىدارىنى ئىزچىل ئۆستۈرۈشى كېرەك. يېزا (بازار) دىكى كادىرلارنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈش ئىشىنى ۋىلايەتلىك، ئوبلاستلىق ۋە ناھىيىلىك پارتىيە مەكتەپلىرىنىڭ كادىرلارنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈش پىلانىغا كىرگۈزۈش كېرەك. ۋەزىپىسىدىن ئايرىلىپ دەم ئېلىشقا چىققان پېشقەدەم ئاساسىي قاتلام كادىرلىرىغا سىياسىي جەھەتتە ۋە تۇرمۇش جەھەتتە تېگىشلىك غەمخورلۇق قىلىپ ۋە ئېتىبار بېرىپ، ئۇلارنىڭ رولىنى جارى قىلدۇرۇشقا دىققەت قىلىش كېرەك.

كۆپ خىل يوللار ئارقىلىق يېزا ئاساسىي قاتلام كادىرلىرى ئېغىر دەرىجىدە يېتىشمەسلىك مەسىلىسىنى ھەل قىلىش كېرەك. ھەر يىلى ئالىي مەكتەپ ۋە ئوتتۇرا تېخنىكوملارنى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلاردىن بىر قىسمىنى تەقسىم قىلىپ، شىنجاڭدا قېلىپ خىزمەت قىلىشنى خالايدىغان ھەربىي سەپتىن كەسىپ ئالماشتۇرغان كادىرلار، ھەربىي سەپتىن بوشانغان مۇنەۋۋەر ھەربىيلەردىن بىر قىسمىنى تاللاپ، ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۇەنىنىڭ دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق تۇەن، مەيدانلىرىدىكى ئاساسىي قاتلام كادىرلىرىدىن بىر قىسمىنى يۆتكەپ، ئۇلارنى تەربىيىلىگەندىن كېيىن يېزا ئاساسىي قاتلام ھاكىمىيەت تەشكىلاتلىرىغا تولۇقلاش كېرەك؛ ناھىيىدىن يۇقىرى دەرىجىلىك ئورگانلاردىن بىر قىسىم مۇنەۋۋەر ياش كادىرلارنى تاللاپ، ئاساسىي قاتلامدا چېنىقىشقا ياكى ئىشلەشكە ئەۋەتىش كېرەك؛ مەلۇم مەدەنىيەت سەۋىيىگە ئىگە، خىزمەت تەجرىبىسى گەۋدىلىك بولغان بىر قىسىم كەنت كادىرلىرىنى يېزا (بازار) لىق خەلق ھۆكۈمىتى ئورگىنىدا ئىشلەشكە تاللاش كېرەك. شۇ جايدىن تەكلىپ قىلىپ ئىشلىتىلىۋاتقان ئاساسىي قاتلام كادىرىدىن ئۇدا بەش يىل سىناش ئارقىلىق، ھەقىقەتەن لاياقەتلىك بولغانلىرىنى دۆلەت كادىرى قىلىپ ئۆزگەرتىشكە بولىدۇ؛ ۋىلايەتلىك، ناھىيىلىك پەن - تېخنىكا تارماقلىرى يەنە داۋاملىق ئىقتىدارلىق ۋە بىلىملىك پەن - تېخنىكا كادىرلىرىنى تاللاپ، يېزا (بازار) لارغا پەن - تېخنىكىغا مەسئۇل مۇئاۋىن يېزا (بازار) باشلىقى قىلىپ تەيىنلىشى كېرەك. ئاپتونوم رايوندىكى ئالاقىدار تارماقلار مۇناسىپ ئېتىبار بېرىش سىياسەتلىرىنى تۈزۈپ، تېخىمۇ كۆپ كادىرلارنى يېزىلاردىكى ئاساسىي قاتلامغا بېرىپ ئىشلەشكە ئىلھاملاندۇرۇش كېرەك.

## 6. پاكلىق قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، خىزمەت ئىستىلىنى ئۈزلۈكسىز ياخشىلاش كېرەك

يېزا ئاساسىي قاتلام كادىرلىرى خەلق ئاممىسى ئىچىدە ياشايدۇ، ھەر مىللەت دېھقان، چارۋىچىلىرى بىلەن ھەمىشە بىللە بولىدۇ. ئۇلارنىڭ ھەر بىر سۆز - ھەرىكىتى ئاممىغا، پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ ئامما ئارىسىدىكى ئوبرازى ۋە ئابرۇيىغا بىۋاستە تەسىر كۆرسىتىدۇ. يېزا (بازار) لىق خەلق ھۆكۈمەتلىرى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ «پارتىيىنىڭ خەلق ئاممىسى بىلەن بولغان ئالاقىسىنى كۈچەيتىش توغرىسىدىكى قارارى»نى ۋە ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ «〈جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ پارتىيىنىڭ خەلق ئاممىسى بىلەن بولغان ئالاقىسىنى كۈچەيتىش توغرىسىدىكى قارارى〉نى ئىزچىللاشتۇرۇش ھەققىدىكى پىكرى»نى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇشى كېرەك. جان - دىل بىلەن خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىپ، ئامما بىلەن قويۇق ئالاقە ئورنىتىپ، پاك - دىيانەتلىك بولۇپ، جاپا - مۇشەققەتكە چىداپ كۆرەش قىلىپ، ناتوغرا ئىستىللارغا ئاڭلىق ھالدا قارشى تۇرۇشى كېرەك. ئىنتايىن ئاز ساندىكى يېزا ئاساسىي قاتلام كادىرلىرىدا ساقلىنىۋاتقان سىياسىي ۋە تۇرمۇش جەھەتتىكى چىرىكلىكنى قەتئىي تۈزىتىش كېرەك. ھوقۇقىدىن پايدىلىنىپ ئۆز نەپسىگە چوغ تارتقان، چىرىكلىشىپ

چۈشكۈنلەشكەن، ئىستىلى دۇرۇس بولمىغان، ساختىپەزلىك قىلغان، ئامما ئىچىدە ئېغىر دەرىجىدە ئايرىلىپ قالغان ۋە پارتىيە ئىشلىرىغا يامان ئاقىۋەتلەرنى كەلتۈرگەن ئىنتايىن ئاز ساندىكى كادىرلارنى كەسكىن بىر تەرەپ قىلىش كېرەك.

يېزا ۋە كەنتلەر «يېزىلىق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ كەنت ئاھالە كومىتېتى خىزمىتىگە يېتەكچىلىك قىلىش قائىدىسى»، «كەنت ئاھالە كومىتېتى خىزمىتى تەپسىلىي پىرىنسىپى» ۋە «كەنت ئاھالە كومىتېتى كادىرلىرى رىئايە قىلىدىغان قائىدە»نى تۈزۈپ، كادىرلارنىڭ ھەرىكىتىنى چەكلەپ تۇرۇش مېخانىزمىنى ئۈزلۈكسىز مۇكەممەللەشتۈرۈشى كېرەك. كادىرلارنى ھەرىكەت قىلىپ بولۇش، ئىشلارنى بىر تەرەپ قىلىشتا سىياسەتكە ئەھمىيەت بېرىش، خىزمەت ئىستىلىنى توغرىلاش، سوبيېكتىپچىلىقنى تۈگىتىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىش لازىم.

كەنت ئىشلىرىدا ئاشكارا بولۇش، نازارەت قىلىش تۈزۈمىنى ئۈزلۈكسىز مۇكەممەللەشتۈرۈش كېرەك. دېھقان، چارۋىچىلار ئومۇمىيۈزلۈك كۆڭۈل بۆلىدىغان مالىيە كىرىم - چىقىمى، يېزا ئىگىلىكىدە ئىشلىتىلىدىغان ماددىي ئەشيالارنى تەقسىم قىلىش، پىرسەنت قالدۇرۇش، مەبلەغ توپلاش، مەجبۇرىيەت ئەمگىكى چىقىرىش قاتارلىق چوڭ - چوڭ ئىشلارنى ئاممىغا ئاشكارىلاپ، ئاممىنىڭ نازارىتىنى قوبۇل قىلىش كېرەك. بۇنىڭ بىلەن كەنت خىزمىتىنى تەدرىجىي ھالدا كەنت ئىشلىرىدا ئاشكارا بولۇش، دېموكراتىك ئاساستا بېجىرىش، كەنت ئاھالىلىرى نازارەت قىلىش يولىغا سېلىش كېرەك.

مالىيە باشقۇرۇشتىكى قالايمىقانچىلىقنى تۈگىتىش نۆۋەتتە يېزىلاردىكى پاكلىق قۇرۇلۇشىنىڭ بىر مۇھىم مەزمۇنى. ناھىيە (شەھەر)لەر يېزا - بازارلارنىڭ مالىيە ئىشلىرىنى مۇپەتتىش قىلىش، نازارەت قىلىش تۈزۈمىنى چىڭىتىشى كېرەك. بۇنىڭدىن باشقا يەنە ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتلىرى قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىشكە بىرلەشتۈرۈپ، كۈچ ئۇيۇشتۇرۇپ، كەنت دەرىجىلىك مالىيەنى بىر قېتىم ئېنىقلاپ چىقىشى، ھوقۇقىدىن پايدىلىنىپ ئۆز نەپسىگە چوغ تارتقان، پارىخورلۇق ۋە قانۇنسىزلىق قىلغان، كوللېكتىپنىڭ مال - مۈلكىنى ئىگىلىۋالغان كادىرلارنى كەسكىن بىر تەرەپ قىلىپ، ئاساسىي قاتلام كادىرلىرىنى پاكلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى ئۈچۈن ئوبدان ئىجتىمائىي مۇھىت يارىتىپ بېرىشى كېرەك.

## 7. ئىجتىمائىيلاشقان مۇلازىمەت سىستېمىسىنى راۋاجلاندۇرۇپ، ئاساسىي قاتلام ھاكىمىيىتىنىڭ ھاياتىي كۈچىنى ئاشۇرۇش كېرەك

يېزا ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنى يەنىمۇ چوڭقۇرلاشتۇرۇش كېرەك. مەسئۇلىيەتنى بىرلەشتۈرۈپ ئائىلىلەرگە ھۆددىگە بېرىش مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى مۇستەھكەملەش ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈش ئاساسىدا، كوللېكتىپنىڭ ئىقتىسادىي كۈچىنى ئۈزلۈكسىز زورايتىپ، ئىجتىمائىيلاشقان مۇلازىمەت سىستېمىسىنى تەدرىجىي بەرپا قىلىش ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈش كېرەك. يېزا (بازار)، كەنتلەر ئۈنۈملۈك ئىجتىمائىيلاشقان مۇلازىمەت ئارقىلىق دېھقان، چارۋىچىلارغا كوللېكتىپ ئىگىلىكىگە يۈزلىنىش توغرىسىدا تەربىيە بېرىپ ۋە ئۇلارنى جەلپ قىلىپ، ئاساسىي قاتلام ھاكىمىيىتىنىڭ ھاياتىي كۈچىنى ۋە ئۆزىنى - ئۆزى ئىدارە قىلىش تەشكىلاتلىرىنىڭ ئۇيۇشۇش كۈچى، جەلپ قىلىش كۈچىنى ئۈزلۈكسىز ئاشۇرۇشى كېرەك.

نۆۋەتتە، كوللېكتىپ ئىقتىسادىي تەشكىلاتلىرىنىڭ ئاساسلىق ۋەزىپىسى ئىشنى ھەقىقىي مۇلازىمەتتىن باشلاپ، مۇلازىمەت ئىقتىدارىنى گەۋدىلەندۈرۈپ، مۇلازىمەتنى مەقسەت قىلىپ، دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ ھۆددىگە ئالغان دائىرىدە تېخىمۇ ئوبدان ئىگىلىك باشقۇرۇشى ۋە ئۇنى راۋاجلاندۇرۇشىغا كاپالەتلىك قىلىشتىن ئىبارەت. يېزا (بازار)لارغا قاراشلىق ئىشلەپچىقىرىش - مۇلازىمەت تارماقلىرى ئىستىلىنى ياخشىلاپ، دېھقانچىلىق،

چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىشنى ئىشلەپچىقىرىشتىن بۇرۇنقى، ئىشلەپچىقىرىش داۋامىدىكى ۋە ئىشلەپچىقىرىشتىن كېيىنكى ئەلا سۈپەتلىك مۇلازىمەت بىلەن تەمىن ئېتىشى كېرەك. كەنت دەرىجىلىك ھەمكارلىق مۇلازىمەت تەشكىلاتلىرىنى قۇرۇش ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈش كېرەك. شارائىتى بار كەنتلەر ماددىي ئەشيالار بىلەن تەمىنلەش پونكىتى، يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى كەسپىي ئەترىتى، يېزا ئىگىلىك تېخنىكىسى مۇلازىمەت گۇرۇپپىسى ۋە يېزا ئىگىلىك پەن - تېخنىكىسى بويىچە ئۈلگە كۆرسىتىش ئائىلىسىنى بەرپا قىلىش كېرەك. يېزا، كەنتلەردىكى ئىجتىمائىيلاشقان مۇلازىمەت تەشكىلاتلىرى ئىشلەپچىقىرىش ساھەسىگە مۇلازىمەت قىلىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، يېزىلاردىكى ئوبوروت، تۇرمۇش ساھەسى مۇلازىمىتىنى تەدرىجىي ياخشىلاپ، دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ تاۋار ئىشلەپچىقىرىشنى راۋاجلاندۇرۇش جەريانىدا دۇچ كەلگەن مەسىلىلىرىنى ھەل قىلىپ، ئۇلارنى غەم - ئەندىشىدىن خالىي قىلىپ، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش كېرەك.

«بەشنى بىر ئۇتاش قىلىش» ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ يېزا ئىسلاھاتى ئەمەلىيىتىدىكى بىر ئىجادىيەت. ئىجتىمائىيلاشقان مۇلازىمەتنى راۋاجلاندۇرۇشتا، «بەشنى بىر ئۇتاش قىلىش»نى يولغا قويۇش، «بەشنى بىر ئۇتاش قىلىش»نى مۇكەممەللەشتۈرۈشنى ئاساسىي مەزمۇن قىلىپ، «يېزا ئىگىلىكنى پەن - تېخنىكا ئارقىلىق گۈللەندۈرۈش»نى بۆسۈش ئېغىزى قىلىش كېرەك. «بەشنى بىر ئۇتاش قىلىش»تىكى تۈرلۈك مۇلازىمەت ئىشلىرىدا، پايدا قوغلىشىشنى مەقسەت قىلماي، بەلكى سەمىمىي، پۇختا ھالدا دېھقانلار، چارۋىچىلار ئۈچۈن خىزمەت قىلىش لازىم.

جايلار ئەمەلىيەتنى چىقىش قىلىپ، كوللېكتىپ ئىگىلىكنى راۋاجلاندۇرۇشى ۋە زورايتىشى لازىم. كوللېكتىپ جۇغلانمىسىنى كۆپەيتىشكە ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىش كېرەك. يېزا (بازار)لار ھەمكارلىق فوندى جەمئىيىتىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ئەسلىدىكى كوللېكتىپ مەبلىغىنى ياخشى باشقۇرۇشى ۋە جايىدا ئىشلىتىشى لازىم؛ ئەمەلىيەتكە بىرلەشتۈرۈپ، تۈرلۈك ھۆددىگەرلىك توختاملىرىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، قالدۇرۇلىدىغان پىرسەنتنى مۇۋاپىق كۆپەيتىش لازىم. كۆپ خىل ئىگىلىكنى، كەنتلەر باشقۇرىدىغان كارخانىلارنى راۋاجلاندۇرۇش كېرەك؛ ئەمگەك جۇغلانمىسىنى ئۈزلۈكسىز كۆپەيتىپ، مەجبۇرىيەت ئەمگىكىنى مۇۋاپىق چىقىپ، ئىجتىمائىيلاشقان مۇلازىمەت سىستېمىسىنى ئورنىتىشنى مۇستەھكەم ماددىي تايانچقا ئىگە قىلىش كېرەك.

## 8. ئەمەلىيەتكە زىچ بىرلەشتۈرۈپ، ئاساسىي قاتلام ھاكىمىيىتى تۈزۈلمىسىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش لازىم

مەمۇرىي ئاپپاراتلارنى ئىخچاملاپ، ھوقۇق بېرىشنى نۇقتىدا سىناق قىلىپ ھاسىل قىلىنغان تەجرىبىلەر ئاساسىدا، كېلەر يىلىدىن باشلاپ، ئاپتونوم رايونىمىز مىقياسىدا يېزا (بازار)لارغا ھوقۇق بېرىشنى مۇددەت ۋە تۈركۈمگە بۆلۈپ قانات يايدۇرۇش لازىم (كونكرېت ئورۇنلاشتۇرۇش ئايرىم ئۇقتۇرۇلىدۇ).

نۆۋەتتە، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى يېزا (بازار)، كەنتلەرنىڭ كۆلىمى ۋە تۈزۈلمىسى پرىنسىپ جەھەتتىن چوڭ تەڭشىمەي، نىسبىي مۇقىملىقنى ساقلاپ قېلىش لازىم. ئاز ساندىكى جايلاردا ئۇنى تەڭشەش ھەقىقەتەن زۆرۈر تېپىلسا، كەنت كومىتېتىنى تەبىئىي كەنتلەرگە چۈشۈرۈشنى سىناق تەرىقىسىدە يولغا قويۇپ، يېزا ئاستىدا كەنت مەھكىمىسى تەسىس قىلىپ، ئۇنى يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ ۋاكالەت ئاپپاراتى قىلىشقا بولىدۇ. ئايرىم ناھىيىلەرنىڭ مەمۇرىي رايون دائىرىسى چوڭ، ياكى يېزىلىرى، نوپۇسى كۆپ بولۇپ، رەھبەرلىك قىلىش ۋە باشقۇرۇشقا ئەپسىز بولسا، ئۇلارمۇ ناھىيە بىلەن يېزا ھاكىمىيىتى ئارىلىقىدا رايونلۇق مەھكىمە تەسىس قىلىشنى سىناق تەرىقىسىدە يولغا قويۇپ، ئۇنى ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ۋەكالەت ئاپپاراتى قىلسا بولىدۇ، كەنت مەھكىمىسى قۇرۇشنى ۋىلايەتلىك مەمۇرىي مەھكىمەلەر، ئوبلاستلىق خەلق ھۆكۈمەتلىرى تەستىقلاپ، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ئىشلىرى نازارىتىگە يوللاپ ئەنگە ئالدۇرىدۇ؛ رايونلۇق مەھكىمە قۇرۇشنى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى تەستىقلايدۇ.

ئۇنىڭغا كېتىدىغان شتات ۋە راسخوتلارنى ئاساسەن جايلار ئۆزى تەڭشەپ ھەل قىلىدۇ.

1990 - يىل 8 - ئاينىڭ 10 - كۈنى

# بارىندىكى «غازات»نىڭ ئەكسىيەتچىل ماھىيىتىنى ئېچىپ تاشلايلى

قەشقەر ۋىلايەتلىك پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمى

بارىن يېزىسىدىكى ئەكسىلئىنقىلابىي قوراللىق توپىلاڭنىڭ كاتىپىشى زەيدىن يۈسۈپ قۇرئاننىڭ تۈ بەر - بۇ يەرلىرىدىن ئۈزۈۋېلىنغان ئىبارىلاردىن پايدىلىنىپ، خالىغانچە «غازات»نىڭ قائىدە - نىزاملىرىنى تۈزۈپ چىقىپ، ئاممىنى ئەخمەق ئېتىپ، مىللىي قىرغىنچىلىقنى قۇتراتتى، تۈ كىشىلەرنى قايمۇقتۇرۇپ: «كۈنىگە بەش ۋاخ ناماز تۇقۇغان بىلەنلا كۇپايە قىلمايدۇ. يەنە ئۇرۇش قىلىشىمىز لازىم» دېگەن ھەمدە تۈزلىرىنىڭ خەلق ھاكىمىيىتىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاش بولىدىكى ئاتالمىش «غازات»نى ئالللادىن كەلگەن ۋەھى، دەۋالغان، تۈلار تۈزۈپ چىققان «غازات قائىدە - نىزاملىرى»دا: «غازاتنىڭ مەقسىتى — كاپىرلارنى يوقىتىش...» دېيىلگەن. ئۇلار يەنە: قۇرئان قەبرىستانلىقتىلا ئوقۇيدىغان كىتاب ئەمەس، ئۇ، غازاتنىڭ قائىدە - نىزاملىرى، دەپ جار سالغان. تۈلار يەنە: «خۇدا ئەرلەرنى غازاتقا ياراتقان، شۇڭا (غازات)قا پائال تۈردە قاتنىشىش لازىم» دېگەن. تۈلار يەنە ئاممىنى ئالداپ: «غازات» تا شېھىت كەتكەنلەر تۇدۇل جەننەتكە كىرىدۇ، شۇڭا ياشىغاندىن كۆرە، غازات قىلىپ شېھىت بولۇپ، بالدۇرراق جەننەتكە كىرگەن ياخشى دېگەن. ئۇلار يەنە دىنىي مەكتەپلەردىن پايدىلىنىپ، تالىپلارغا «غازات» ئىدىيىسىنى سىڭدۇرۇپ، «غازات» نامى بىلەن ئاممىدىن ئاشلىق، پۇل يىغىپ، «غازات» ئۈچۈن قورال - ياراغ، ئوق - دورا توپلاپ، «غازات» ئۈچۈن ئەكسىلئىنقىلابىي كۈچ يېتىشتۈرگەن. تۈلار نېمە ئۈچۈن مۇشۇنداق قىلالىدى؟ بۇنىڭ ئاساسىي سەۋەبلىرىدىن بىرى شۇكى، بۇ بىر نەچچە يىلدىن بۇيان، بىز ئاتالمىش غازاتنىڭ ماھىيىتىنى چوڭقۇر ئېچىپ تاشلىمىدۇق، غازاتنىڭ ئەكسىيەتچىلىكىنى ئۈزۈل - كېسىل تەنقىد قىلمىدۇق، غازاتنىڭ زەھەرلىرىنى تولۇق تازىلىمىدۇق، شۇڭا بىر قىسىم كىشىلەر قايمۇقۇپ قالدى، ئالدىنىپ كەتتى ۋە زىيانغا ئۇچرىدى. بارىندىكى مىلتىق ئاۋازى بىزنىڭ كاللىمىزنى سەگەكلەشتۈردى. شۇڭا بىز غازاتنىڭ ماھىيىتىنى چوڭقۇر ئېچىپ تاشلاپ، ئۇنىڭ ئەكسىيەتچىلىكىنى تەنقىد قىلىپ، زەھەرلىرىنى پاك - پاكىزە تازىلىشىمىز لازىم.

ئاتالمىش غازات — مۇھەممەت ئەلەيھىسسالام ئەينى چاغدا ئىسلام دىنىنى ساقلاپ قېلىش ۋە تارقىتىش ئۈچۈن ئۆزىگە زىيانكەشلىك قىلغۇچىلارغا قارشى ئېلىپ بارغان ئۇرۇش پائالىيەتلىرىنىڭ يىغىندىسى. غازات قىلىش مەقسەت ئەمەس، بەلكى غازاتنى قوزغۇغۇچىلار تۈزلىرى ئالاھىدە بېكىتكەن مەقسەتكە يېتىش ئۈچۈن قوللانغان بىر خىل ئالاھىدە ۋاسىتە. شۇڭا غازاتنى، بولۇپمۇ غازاتنىڭ مەقسىتىنى ماركسىزم - لېنىنىزملىق مەيدان، نۇقتىنەزەر ۋە تۇسۇل ئارقىلىق كونكرېت تەھلىل قىلىشىمىز لازىم، مۇشۇنداق قىلغاندىلا، ئاندىن بۇ قېتىمقى بارىندىكى غازاتنىڭ ئەكسىيەتچىل ماھىيىتىنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋالغىلى بولىدۇ.

دۇنيا بويىچە پەن - تېخنىكا، ئىقتىساد ۋە مەدەنىيەت تەرەققىي قىلىۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە، جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ قۇرۇلغانلىقىغا 40 نەچچە يىل بولۇپ، پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلقى كومپارتىيىنىڭ رەھبەرلىكىدە بىردەك ئىتتىپاقلىشىپ، بىر نىيەتتە كۈچ چىقىرىپ، سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشقان ۋەتەن قۇرۇۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە، بارىندىكى ئەكسىلئىنقىلابىي قوراللىق توپىلاڭچىلارنىڭ شىنجاڭدىن ئىبارەت ئەزەلدىن جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئايرىلماس بىر قىسمى بولغان بۇ زېمىندا غازات قوزغاشتىكى جىنايى مەقسىتىنى كىشىلەر بىلمەي قالامدۇ؟ ئېلىمىزنىڭ سوتسىيالىزم تۈزۈمى ئاستىدا شىنجاڭدىكى كەڭ مۇسۇلمانلار ئاممىسى غەيرىي مۇسۇلمانلار ئاممىسى

بىلەن ئۇزاقتىن بۇيان ئورتاق ئەمگەك قىلىپ، ئورتاق كۈرەش قىلىپ، بىرلىكتە تۇرمۇش كەچۈرۈپ، شىنجاڭنى ئېچىش، گۈللەندۈرۈش، قوغداش داۋامىدا ھالاۋەتتىمۇ، جاپادىمۇ بىللە بولۇپ، ئىناق بىللە ئۆتۈپ، زىچ ئىتتىپاقلاشقان ئېسىل ئەنئەنىنى شەكىللەندۈردى. جەمئىيەت تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن شىنجاڭ ئازاد بولغاندىن كېيىن، تۈرلۈك ئىجتىمائىي ئىسلاھاتلارغا بىرلەشتۈرۈلۈپ، دىنىي فېئوداللىق ئىمتىياز ۋە ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىش تۈزۈمى تەدرىجىي بىكار قىلىنىپ، كەڭ مۇسۇلمانلار ئاممىسىنىڭ سىياسىي جەھەتتىكى خوجايىنلىق ئورنى يۇقىرى كۆتۈرۈلدى. بۇ خىل ئەھۋالدا ئاتالمىش «كاپىرلار»غا، ماھىيەتتە، خەنزۇلارغا قارشى غازات قوزغاش، روشەنكى، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ تۈپ مەنپەئىتىگە خىلاپ، ئىنتايىن ئەكسىيەتچىلىك.

ئىسلام دىنىنىڭ ئەقىدىلىرىدە دوستلىشىش، كەڭ قورساق بولۇش، تىنچ ئۆتۈش، باشقىلارنى ئۆزىنىڭ ئېتىقادىنى ئۆزگەرتىشكە زورلىماسلىق كېرەك، دەپ كۆرسىتىلگەن. «قۇرئان كەرىم»نىڭ ئۇيغۇرچە نەشرى 43 - بەتتە: «دىندا (ئۇنىڭغا كىرىشكە) زورلاش يوقتۇر» دەپ كۆرسىتىلگەن. ھەدىستە غازات توغرىسىدا مۇنداق ئىككى خىل قاراش يەنى ئۇرۇش مەزگىلىدە تاشقى جەھەتتىكى ئاشكارا دۈشمەنلەرگە قارشى جەڭ قىلىش «كىچىك غازات»، ئادەتتىكى چاغلاردا ئىچكى جەھەتتىكى دۈشمەنلەرگە قارشى كۈرەش قىلىش يەنى كىشىلەرنىڭ شەخسىي غەرىزى تۈپەيلىدىن كېلىپ چىققان بارلىق ۋەھشىي قىلمىشلارغا قارشى كۈرەش قىلىش «چوڭ غازات» بولىدۇ، دەپ شەرھلىنىدۇ. كومپارتىيە رەھبەرلىكىدىكى بۈگۈنكى كۈندە، غازات ئەلۋەتتە ئۆز ۋۇجۇدىمىزدىكى بەدنىيەتلىككە قارشى جەڭدىن ئىبارەت بولۇشى كېرەك. ھەر بىر پۇقرا كومپارتىيىنى قىزغىن سۆيۈش، سوتسىيالىستىك ۋەتەننى قىزغىن سۆيۈش، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىش، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداش، مىللىي بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇشتەك شەرەپلىك ئەنئەنىنى جارى قىلدۇرۇپ، ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئىقتىساد، مەدەنىيىتىنى گۈللەندۈرۈش ۋە يەنىمۇ تەرەققىي قىلدۇرۇش ئۈچۈن تىرىشىپ كۈرەش قىلىشى لازىم؛ مۇسۇلمانلارنىڭ ئاتا - ئانىلارنى قەدىرلەش، قېرىنداشلار ئىناق ئۆتۈش، چوڭلارنى ھۆرمەتلەش، كىچىكلەرنى ئىززەتلەش، ۋاپاسىزلىق قىلماسلىق، دوستلار بىر - بىرىگە سەمىمىي ئىشىنىش، ئىلىم - سېتىم ئىشلىرىدا ئادىل بولۇشتەك ئېسىل خىسلىتىنى جارى قىلدۇرۇپ، سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى ئۈچۈن تۆھپە قوشۇشىمىز لازىم.

بارىن يېزىسىدىكى ئەكسىلئىنقىلابىي قوراللىق توپىلاڭچىلار تارقاتقان ئىسلام دىنى ئارقىلىق ماركسىزم - لېنىنىزمنى يېڭىپ، ئىسلام دىنىنى گۈللەندۈرۈش ئۈچۈن غازات قىلىش كېرەك، دېگەنگە ئوخشاش سەپسەتىلەر ئىنتايىن ئەكسىيەتچىل، جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى ئاساسىي قانۇنىنىڭ 2 - باب 16 - ماددىسىدا ئېنىق قىلىپ مۇنداق بەلگىلەنگەن: «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى پۇقرالىرى دىنغا ئىشىنىش ئەركىنلىكىگە ئىگە، ھەر قانداق دۆلەت ئورگىنى، ئىجتىمائىي تەشكىلات ۋە شەخسلەرنىڭ پۇقرالارنى دىنغا ئىشىنىشكە مەجبۇرلاشقا ياكى ئىشەنمەسلىككە مەجبۇرلاشقا بولمايدۇ، دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان پۇقرالارنى ياكى دىنغا ئېتىقاد قىلمايدىغان پۇقرالارنى كەمسىتىشكە بولمايدۇ». مىللىي تېررىتو- رىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنىنىڭ 1 - باب 11 - ماددىسىمۇ مۇناسىپ بەلگىلىمىلەر چىقىرىلغان: «مىللىي ئاپتونومىيە جايلىرىدىكى ئاپتونومىيە ئورگانلىرى ھەر مىل- لەت پۇقرالىرىنىڭ دىنغا ئېتىقاد قىلىش ئەركىنلى- كىگە كاپالەتلىك قىلىدۇ» دېيىلگەن. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان ھەر مىللەت خەلقى سىياسىي، ئىقتىسا- دىي ۋە مەدەنىيەت قاتارلىق جەھەتلەردە يېڭى ھاياتقا ۋە باراۋەرلىككە ئېرىشىپ، دىنغا ئېتىقاد قىلىش ئەركىنلىكى ھوقۇقىدىن ھەقىقىي بەھرىمەن بولدى، بولۇپمۇ پارتىيە 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيان، نورمال دىنىي پائالىيەت ئېلىپ

بارىدىغان سورۇنلار كۆپەيدى، قۇرئان، ھەدىستە قاتارلىق دىنىي كىتابلارنىڭ بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلىندى. دىنىي زاتلار سىياسىي جەھەتتە مۇۋاپىق ئورۇنلاشتۇرۇلۇپ، ئۇلارغا تۇرمۇش جەھەتتە قوشۇمچە ياردەم بېرىلدى. بىلىم تەھسىل قىلىش ئۈچۈن، ھەر يىلى پىلانلىق تۈردە مۇسۇلمان ياشلىرى بېيجىڭ ۋە ئاپتونوم رايونىمىزدىكى دىنىي مەكتەپلەرگە ئەۋەتىلدى؛ دىنىي زاتلار جۇڭگو مۇسۇلمانلار ھەج قىلىش ئۆمىكىگە ۋە جۇڭگو مۇسۇلمانلىرىنىڭ چەت ئەللەرنى زىيارەت قىلىش ئۆمىكى قاتارلىقلارغا قاتناشتۇرۇلدى؛ دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان بەزى ئاممىۋى بىۋاسىتە دۆلەتنى باشقۇرۇشقا ۋە سىياسىي پائالىيەتلەرگە قاتناشتۇرۇلدى. ھازىرقى گەپ، ماركسىزم - لېنىنىزم ئارقىلىق ئىسلام دىنىنى بېسىش مەسىلىسى ئەمەس، بەلكى شۇنداق دېيىش كېرەككى، ھۆكۈمەتنىڭ دىنىي پائالىيەتلەرنى باشقۇرۇشى يېتەرلىك بولماي قالدى، كەڭ قويۇۋېتىلىپ قالدى، بەزى جايلاردىكى دىنىي پائالىيەتلەر كېڭىيىشتىن سىڭىپ كىرىشكە، تەرەققىي قىلىشتىن يامراپ كېتىشكە، ھەتتا ئەسەبىيلىشىش ۋە قانۇنغا خىلاپلىق قىلىش دەرىجىسىگە بېرىپ يەتتى. بارىن يېزىسىدىكى ئەكسىلئىنقىلابىي قوراللىق توپىلاڭچىلارنىڭ دىندىن پايدىلىنىپ، دىنىي قالقان قىلىۋېلىپ غازات قوزغىشىدىن ئىبارەت ئەكسىلئىنقىلابىي ھەرىكەت بىلەن شۇغۇللانغانلىقى دىنىي پائالىيەت سورۇنلىرىنى قاتتىق باشقۇرمىغانلىقىمىزنىڭ، دىنىي بەك كەڭ قويۇۋەتكەنلىكىمىزنىڭ بىر دەلىلى.

بارىن يېزىسىدا غازات قوزغىغۇچىلار قانداقتۇر غازاتنىڭ مەقسىتى كاپىرلارنى يوقىتىشتىن ئىبارەت، دەپ جۆيلىدى. بۇ، پۈتۈنلەي قانۇنغا خىلاپ قىلمىش، ھازىر دۇنيادا ئاساسەن ئۈچ چوڭ دىن يەر شارىغا تارقالغان بولۇپ، ئېلىمىزنىڭ بىر مۇنچە جايلىرىدا دىنىي ئېتىقادىي ئوخشاش بولمىغان ھەر مىللەت ئاممىسى بىرلىكتە ئولتۇراقلاشقان، شىنجاڭ تېخىمۇ شۇنداق. ئاتا-بوۋىمىزدىن تارتىپ بىر جايدا ئۇزاق مۇددەت بىللە ئولتۇراقلاشقان، دىنغا ئېتىقاد قىلمايدىغان كىشىلەرنى شۇ جايدىن ھەيدەپ چىقىرىمەن دېيىش پۈتۈنلەي ئېلىمىزنىڭ ئاساسىي قانۇنغا خىلاپ بولغان قانۇنسىز ھەرىكەت. شۇنى ئېنىق كۆرسىتىش لازىمكى، ئۇلارنىڭ «كاپىرلارنى يوقىتىش» دېگىنى ماھىيەتتە خەنزۇلارنى چەتكە قېقىش، خەنزۇلارنى يوقىتىش، ئاتالمىش «شەرقىي تۈركىستان» قۇرۇشتىن ئىبارەت. بۇ ئۇچىغا چىققان ئەكسىيەتچىلىك، ھەرگىز ئىشقا ئاشمايدۇ.

بارىن يېزىسىدىكى ئاتالمىش غازات قوزغىغۇچىلار «ئىسلام پىدائىيلار قوشۇنى قۇرۇپ، سوتسىيالىزمغا قارشى تۇرىمىز»، «كومپارتىيىگە قارشى ئاخىرغىچە قانلىق غازات قىلىمىز» دەپ جار سالدى. شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقى كومپارتىيە رەھبەرلىكىنى ۋە سوتسىيالىزم تۈزۈمىنى ئاڭلىق تۈردە تاللىۋالغان ۋە قوبۇل قىلغان. شىنجاڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش، پەن - تېخنىكا قاتارلىق جەھەتلەردە غايەت زور تەرەققىياتلارغا ئىگە بولدى، ھەر مىللەت خەلقى خاتىرجەم تىرىكچىلىك قىلىپ، تۇرمۇشنى ياخشىلىماقتا. ئاتالمىش «غازات» قوزغىغۇچىلارنىڭ سوتسىيالىزمغا قارشى تۇرۇشىغا، كومپارتىيىگە قارشى جەڭ قىلىشىغا شىنجاڭدىكى ئاق كۆڭۈل ھەر مىللەت خەلقى ھەرگىز يول قويمايدۇ، بۇ قېتىم ئۇلارنىڭ ئاتالمىش «غازات» قىلىپ، شەرمەنىدىلەرچە ئاقىۋەتكە قالغانلىقى، بۇنىڭ پولاتتەك پاكىتى. بىز كەڭ پارتىيە ئەزالىرى ۋە ئاممىنى ھوشيارلىقىمىزنى ئۆستۈرۈپ، كۆزىمىزنى روشەنلەشتۈرۈپ، «غازات»نىڭ ئەكسىيەتچىل ماھىيىتىنى ئېنىق تونۇپ، دىنىي تونغا ئورىنىۋالغان يوشۇرۇن سۇيىقەستچىلەرنى ئۈزۈل - كېسىل پاش قىلىشىمىز ۋە ئۇلارغا زەربە بېرىشىمىز لازىم.

# جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 70 يىللىقىنى تەبرىكلەش مۇناسىۋىتى بىلەن ماقالە قوبۇل قىلىنىدۇ

70 يىلدىن بۇيان پارتىيىمىز جاپا - مۇشەققەتلىك ئەگرى - توقايلىقلارنى بېسىپ ئۆتۈپ جۇڭگو خەلقىنىڭ ئازادلىقى يولىدا غايەت زور بەدەل تۆلىدى ۋە هارماي - تالماي تىرىشچانلىق كۆرسەتتى. ئەمەلىيەت «پارتىيىمىز كونا دۇنيانى بۇزۇپ تاشلاشقا ماهىر بولۇپلا قالماستىن، يېڭى دۇنيا قۇرۇپ چىقىشقىمۇ ماهىر» ئىكەنلىكىنى مۇنازىرە تەلەپ قىلمايدىغان هالدا ئىسپاتلىدى. دۆلىتىمىز قۇرۇلغان 40 يىلدىن بۇيان، بولۇپمۇ پارتىيە 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيان، دۆلىتىمىزدە جاهاننى زىلزىلىگە كەلتۈرىدىغان ئۆزگىرىشلەر بارلىققا كەلدى. بىز پارتىيىمىزنىڭ ئۇلۇغ پارتىيە، شەرەپلىك پارتىيە، توغرا پارتىيە ئىكەنلىكى بىلەن مەغرۇرلىنىشقا هەقلىقمىز. شۇڭا، تولۇپ تاشقان هېسسىياتىمىز بىلەن قەدىردان پارتىيىمىزنىڭ 70 يىللىقىغا چىن قەلبىمىزدىن مەدھىيە ئوقۇيلى!

قوبۇل قىلىنىدىغان ماقالىلەردە تەپسىلىي خەۋەر، ئوچېرك، زىيارەت خاتىرىسى قاتارلىقلار ئارقىلىق پارتىيىمىزنىڭ 70 يىلدىن بۇيانقى ئۇلۇغ تۆهپىلىرى ئوخشاش بولمىغان تارىخىي مەزگىل، ئوخشاش بولمىغان تەرەپلەردىن مەدھىيىلىنىشى؛ ئىسلاھات ئېلىپ بېرىلغان، ئىشىك ئېچىۋېتىلگەندىن بۇيانقى ئۆز رايونى، ئۆز ئورنى، ئۆز كەنتىدە بولغان زور ئۆزگىرىشلەر ئەكس ئەتتۈرۈلۈشى؛ ئىلغار پارتىيە ياچېيكىسى ۋە مۇنەۋۋەر كومپارتىيە ئەزالىرىنىڭ گەۋدىلىك ئىش ئىزلىرى ۋە تۆهپىلىرى تەشۋىق قىلىنىشى؛ ئۆزىڭىزنىڭ پارتىيىنىڭ تەربىيىسى ۋە يېتەكچىلىكى ئاستىدا ئۆسۈپ يېتىلىشىڭىز ۋە ئىلگىرىلىشىڭىز جەريانىدىكى پارتىيىگە بولغان چوڭقۇر هېسسىياتىڭىز شەرھلىنىشى لازىم.

ئەۋەتىلىدىغان ماقالىلەرنىڭ مەركىزىي ئىدىيىسى ئېنىق، تېمىسى يېڭى، هېسسىياتى يارقىن، قۇرۇلمىسى ئىخچام، ئىپادىلەش ئۇسۇلى جانلىق، تىلى ئاممىباپ، ۋەقەلىك راست، قىزىقارلىق بولۇشى كېرەك.

ماقالە قوبۇل قىلىش ۋاقتى هازىردىن باشلاپ 1991 - يىل 10 - ئاينىڭ ئاخىرىغىچە (پوچتىخانىنىڭ تامغىسى ئاساس قىلىنىدۇ) بولىدۇ، ماقالە 1991 - يىل 1 - ساندىن باشلاپ 12 - سانغىچە ئېلان قىلىنىدۇ (ئۇيغۇرچە، خەنزۇچە، قازاقچە، موڭغۇلچە تۆت خىل تىلدا بىر ۋاقىتتا ئېلىپ بېرىلىدۇ).

قوبۇل قىلىنغان ماقالىلەرنى باهالاپ مۇكاپاتلاشتا، رېداكسىيىمىز مۇتەخەسسىسلەردىن تەركىب تاپقان قوبۇل قىلىنغان ماقالىلەرنى باهالاش كومىتېتى تەشكىل قىلىدۇ، ئېلان قىلىنغان مۇنەۋۋەر ماقالىلەر ئىچىدىن 1 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئىككى پارچە، 2 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا تۆت پارچە، 3 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا سەككىز پارچە باهالىنىپ، گۇۋاهنامە ۋە مۇكاپات بېرىلىدۇ، ماقالىسى تاللاپ ئېلان قىلىنغان ئاپتورلارغا خاتىرە بۇيۇمى بېرىلىدۇ.

قوبۇل قىلىنىدىغان ماقالىلەردە گەۋدىلەندۈرۈلىدىغان ئادەم، ۋەقەلىك راست بولۇشى هەمدە شۇ ئورۇننىڭ رەهبەرلىكى ماقالىنى كۆرۈشى، ئىدارىنىڭ تامغىسى بېسىلىشى كېرەك. بىر ماقالىنى ئىككى ئورۇنغا ئەۋەتىشكە بولمايدۇ، ئىشلىتىلمىگەن ماقالىلەر قايتۇرۇپ بېرىلمەيدۇ. ماقالە ئەۋەتكەندە كونۋېرت ئۈستىگە «جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 70 يىللىقىنى تەبرىكلەش مۇناسىۋىتى بىلەن قوبۇل قىلىنىدىغان ماقالە» دەپ يېزىپ قويۇلىدۇ.



# «خەلقىم» - ئۇنىڭ يۈرەك سوقۇشىدىن چىققان سادا!

— ئۇلۇغچات ناھىيە تېرەك يېزىلىق
پارتكوم شۇجىسى دۈشە يۈسۈپ
(قىرغىز) توغرىسىدا

غاپپار نىياز



ئەلمىساقتىن بۇيان جىمجىتلىق ھۆكۈم سۈرۈپ كەلگەن كىنقارا تاغ ئېغىزى بىردىنلا جانلىنىپ بازار تۈسىنى ئالدى. تېرەك يېزىلىق ھۆكۈمەت ۋە پارتكوم ئورگىنى مانا بۇ يەرگە كۆچۈپ كەلدى. پىششىق خىش بىلەن ئۆزگىچە مىللىي ئۇسلۇبتا سېلىنغان بىر كورپۇس ئىشخانا، بىر نەچچە كورپۇس ئائىلىلىكلەر ئۆيى ھەمدە پوچتىخانا، دوختۇرخانا، مەكتەپ قاتارلىق قۇرۇلۇشلار ئىلان باغرى كەتكەن بۇ كىچىككىنە جىلغىغا ئالاھىدە ھۆسن قوشۇپ قەد كۆتۈرۈپ تۇراتتى. بۇ قۇرۇلۇشلارنى 1988 - يىلى قىزىلسۇ ئوبلاستى، ئۇلۇغچات ناھىيىسى مەخسۇس 230 مىڭ يۈەندىن ئارتۇق پۇل ئاجرىتىپ سالدۇرۇپ بەرگەنىدى. ئەمما كىشىلەر ئۇنى «دۈشە يۈسۈپ قۇرۇلۇشى» دەپ ئاتىشىدىغان بولدى. بۇ ئورۇنسىز ئېيتىلغان سۆز بولمىسا كېرەك. چارۋىچىلىق قوشۇمچە دېھقانچىلىقتىن باشقا ھېچقانداق سانائىتى بولمىغان بۇ يېزىدا قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرىنىڭ ھېچقايسىسىنى ئۆز يېرىدىن ھەل قىلغىلى بولماي، يۈز نەچچە كىلومېتىر يىراقلىقتىكى قەشقەر، ئاتۇشتىن يۆتكەپ كېلىشكە توغرا كېلەتتى. پۇلنى جايىدا ئىشلىتىپ، ئېھتىياجلىق قۇرۇلۇشلارنى سان - سۈپەتكە كاپالەتلىك قىلغان ھالدا سالدۇرۇۋېلىش تېرەك يېزىسىدىكى ھەممە كىشىنىڭ ئارزۇ - ئىستىكى ئىدى. يېزىلىق پارتكوم كېڭەيتىلگەن يىغىنى بۇ ئېغىر يۈكنى دۈشە يۈسۈپكە يۈكلىمەكچى بولغاندا، ئۇ:

«مەن پارتىيە ئىشلىرى، بولۇپمۇ «ئۈچ يىغىن، بىر دەرس» تۈزۈمىنىڭ ئىجراسىنى تەكشۈرۈش بىلەن ئالدىراش بولۇۋاتىمەن، باشقا يولداشلار تۇتسۇن» دەيدۇ. يىغىن قاتناشچىلىرى: «يەنىلا سىز تۇتسىڭىز خاتىرجەم بولىمىز» دېيىشىدۇ. ئۇ ئامالسىز ۋەزىپىنى قوبۇل قىلىدۇ. قەشقەردىن مەلۇم بىر قۇرۇلۇش ھۆددىگىرى خەۋەردار بولۇپ قۇرۇلۇشنى باشلايدۇ. دۈشە يۈسۈپ گويا قۇرۇلۇش ئىنژېنېرىدەك، ھۆل - تام قوپۇرۇشتىن سېمونت لاي ئىشلىتىشكىچە بولغان ھەر بىر ئىش ھالقىسىنى تەپسىلىي تەكشۈرۈپ، مەسىلىلەرنى ۋاقتىدا بىر تەرەپ قىلىدۇ. ئۇ بىر كۈنى چاك بېسىلماي قوپۇرۇلغان بىر ئۇق تامنى كۆرىدۇ - دە، ئۇنى بىر تېپىپ ئۆرۈۋېتىدۇ، 2 — 3 كۈندىن كېيىن ئۇ تام يەنە ئۆرۈۋېتىلىدۇ. ئاخىر ھۆددىگەر ئۇنىڭ ياقىسىدىن ئېلىپ چالۋاقاپ كېتىدۇ: مەن شۇنچە يىل شۇنچە كۆپ قۇرۇلۇشنى قىلىپ سەندەك ئادەمنى ئۇچراتمىغانىدىم. خېلى - خېلى ئوغۇل بالا مەن دېگەنلەرمۇ پۇلۇمنى كۆرۈپ ماڭا يول قويماي قالمىغانىدى، سەن مېنى نېمانچە تەڭلىككە چۈشۈرىسەن؟! گىلەم بېرەي دېسەم ئالمىساڭ، پۇل بېرەي دېسەم ئالمىساڭ، ساڭا زادى نېمە كېرەك! دەيدۇ. دۈشە ئۇنىڭغا: ماڭا سان - سۈپەت كېرەك، بۈگۈن - ئەتە كارغا يارايدىغان قۇرۇلۇش ئەمەس، 40 — 50 يىلدىن كېيىنمۇ مەزمۇت تۇرىدىغان قۇرۇلۇش كېرەك، دەيدۇ. ئېغىز مايلاپ، ماتېرىيال ئوغرىلاپ، قول ئۇچىدا ئىشلەپ كۆنۈپ كەتكەن ھۆددىگەر ئامالسىز تەلەپ بويىچە ئىشلەپ، ئون مىڭ يۈەن زىيان تارتىپ قايتىدۇ.

يولداش دۈشە تېرەك يېزىسىدا تۇغۇلۇپ ئۆسكەن، 17 يېشىدىن باشلاپ كەنت بوغالتىرلىقىنى ئىشلىگەن، 1976 - يىلدىن تارتىپ ھازىرغىچە يېزا باشلىقى، پارتكوم شۇجىسى بولۇپ ئىشلەپ كەلگەن. ئۇ پۈتۈن يېزىدىكى 512 ئائىلە، 3000 دىن ئارتۇق ئاھالىنىڭ ئەھۋالىنى بەش قولدەك بىلىدۇ. ئۇ قەدەم باسمىغان جىلغا، قەدەم باسمىغان تاغ - ئېدىر، قەدەم باسمىغان ئېتىز - ئېرىق يوق. ئۇ قىلچە ئۆزىنى ئويلىماي، دېھقان - چارۋىچىلار نېمىنى ئويلىسا، شۇنى ئويلاپ، نېمىگە ئالدىرىسا، شۇنىڭغا ئالدىراپ، نېمىگە ئېھتىياجلىق بولسا، شۇنى قاندۇرۇپ، ئاممىنىڭ چوڭقۇر ئىشەنچىسىگە ئېرىشكەن.

كادىر، ئىشچى قوبۇل قىلىش ئەڭ باش قاتۇرىدىغان ئىشلارنىڭ بىرى. يېزىدا يۇقىرىدىن تەقسىم قىلىنغان ۋە تەبىئىي ئىسقارغان ساندىن ھەر يىلى بىر نەچچىسى بىر تەرەپ قىلىنىپ تۇرىدۇ. دۈشە يۈسۈپ ئۇنى بىر تەرەپ قىلىشتا، ئۆز يېقىنلىرىغا چوڭ تارتماستىن، پارتىيىنىڭ كادىرلار پرىنسىپى بويىچە بىر تەرەپ قىلىشتا چىڭ تۇرىدۇ. دۈشەنىڭ سېمونت تاش قىزىش كارخانىسىدا بوغالتىر بولۇپ ئىشلەۋاتقان بىر تۇغقان ئىنىسى ئۇنىڭغا ئۆزىنى دۆلەت شتاتىغا كىرگۈزۈپ قويۇشنى قايتا - قايتا ئېيتىدۇ. يېزا كادىرلىرىمۇ «ئۇنىڭ تېخنىكا ئالاھىدىلىكى بار، كىنو قويۇشنى بىلىدۇ، ئۇستا بوغالتىر» دەپ كادىرلىققا ئۆستۈرۈشنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. دۈشە يۈسۈپ قىلچە ئويلىنىپ ئولتۇرماي: «بىزنىڭدا شەرتى ئۇنىڭدىن يۇقىرى ياشلار تۇرۇپ ئۆز ئىنىمنى كادىر قىلىپ ئۆستۈرسەم، پارتىيىگە قانداقمۇ يۈز كېلەلەيمەن» دەيدۇ. بۇنىڭدىن نارازى بولغان ئىنىسى ئۇنىڭغا: سەن شۇنچە يىل چوڭ ھوقۇقنى قولۇڭدا تۇتۇپ تۇرۇپ، تۇغقانلارغا قىلچە شەپقەت ياغدۇراي دېمىدىڭ، سەن يۈرىكى قاتقان تاش يۈرەك، دەپ تىل سالىدۇ. دۈشە ئۇنىڭغا سەۋرچانلىق بىلەن تەربىيە بېرىپ: «مېنىڭ يۈرىكىم قاتقان ئەمەس، جاراڭلاپ سوقۇپ تۇرىدۇ، لېكىن «مەن»، «تۇغقان»، «دوست - ياران» دەپ سوقماي، «خەلقىم»، «پارتىيەم» دەپ سوقىدۇ، مېنى توغرا چۈشىنىشىڭ، قوللىشىڭ كېرەك» دەيدۇ. ئىنىسى ئاچچىقىدىن ئۆزىنى باسالماي ئاخىر يۇرتنى تاشلاپ كېتىپ قالىدۇ.

راست! ئۇنىڭ يۈرىكى «خەلقىم»، «پارتىيەم» دەپ سوقىدۇ. يېزىدىكى ئابرويلۇق كادىرلاردىن بىر نەچچىسى ئۇنىڭغا كۆيۈنگەندەك قىلىپ: «دۈشە شۇجى، جاھان بۇنداق بىر خىل ئۆتۈۋەرمەيدۇ، ھوقۇقىڭىز بار ۋاقتىدا بالىلىرىڭىزنىڭ نوپۇسىنى شەھەر نوپۇسى قىلىۋېلىڭ» دەيدۇ. دۈشەنىڭ ئايالىمۇ ئۇنىڭغا:

سىز خىزمەتنىلا بىلىسىز، ئۆيدىكىلەرنى ئويلىمايسىز. قاراڭ، خەقنىڭ ئۆيى، چارۋىسى، يېرى، ئورمىنى بار، بىزنىڭ نېمىمىز بار؟ يا مېنى يۇرتۇمغا كەتكۈزۈۋېتىڭ، يا بولمىسا نوپۇسۇمنى شەھەر نوپۇسى قىلىپ قويۇڭ، سىز نېمە ئۈچۈن كېيىننى ئويلىمايسىز؟! دەيدۇ. دۆشە ئۆزىگە كۆڭۈل بۆلگەن كىشىلەرگە ۋە يولدىشىغا نەسىھەت قىلىپ: «ھۆكۈمەت چىرايلىق ئۆي سېلىپ بەردى، مائاش بېرىۋاتىدۇ، ھەممە نەرسە بىلەن تەمىنلەۋاتىدۇ، ھازىر نېمىمىز كەم؟ ھوقۇقۇمدىن پايدىلىنىپ، ئائىلەمنىڭ نوپۇسىنى شەھەر نوپۇسى قىلىپ، ئائىلەم بىلەن ئامما ئوتتۇرىسىغا تام سوقۇشنى خالىمايمەن» دەيدۇ.

يېقىنقى بىر نەچچە يىلدا، تېرەك يېزىسىنىڭ سۇ مەنبەسى ئازىيىپ كېتىپ، بىر مۇنچە يېرى ئاق تاشلىنىپ قالدى. دېھقان - چارۋىچىلار ۋە چارۋا - ماللارنىڭ سۇ ئىچىش قىيىنچىلىقى ئېغىرلاپ كەتتى. يېزىلىق پارتكوم 1988 - يىلى يازدا، ئاممىنى ھەرىكەتلەندۈرۈپ، كوللېكتىپ ۋە شەخسلەر مەبلەغ چۈشۈرۈپ، سۇلياۋ ياتقۇزۇلغان تاش ئۆستەڭ ياساپ، تېرىلغۇ يەرنى كېڭەيتىش، سۇلياۋ تۇرۇبا تارتىپ، مۇقىم يايلاق بەرپا قىلىشنى قارار قىلدى ھەمدە ئۇنى ناتۇرال ئىگىلىكنى ئۆزگەرتىپ، زامانىۋى ئىگىلىكنى راۋاجلاندۇرۇشنىڭ ئۇنجى قەدىمى دەپ ھېسابلايدۇ. بۇ خىزمەتكە يەنىلا دۆشە يۈسۈپ مەسئۇل قىلىندۇ.

يولداش دۆشە پارتىيە ئەزالىرى، كەنت، مەھەللە كادىرلىرى ۋە يۇرت ئاقساقاللىرىنى ئايرىم - ئايرىم يىغىپ بۇ ئۇلۇغۋار پىلاننى ئىشقا ئاشۇرۇشنىڭ ئەھمىيىتىنى چۈشەندۈردى. پارتىيە ئەزالىرى ۋە كادىرلارنى باشلامچىلىق، نەمۇنىلىك رولىنى جارى قىلدۇرۇشقا چاقىردى. ھالبۇكى، ھەر قانداق ئىش ھەر ۋاقىت راۋان يۈرۈشۈۋەرمەيدۇ. بەزى كىشىلەر ھەتتا بەزى كادىرلار ناتوغرا پوزىتسىيە تۇتۇپ قانداقتۇر: ئەلمىساقتىن تارتىپ ئاسمانغا تايىنىپ تۇرمۇش كەچۈرۈپ كەلدۇق، سۇسىز قالمىدۇق، بۇنداق چوڭ قۇرۇلۇش قىلىپ جاپا چېكىپ نېمە قىلىمىز، دېيىشىدۇ ھەمدە ۋەزىپىنى قوبۇل قىلمايدۇ. دۆشە ئۇرغۇن ئىدىيىۋى - سىياسىي خىزمەت ئىشلەش ئارقىلىق ناتۇرال ئىگىلىكنى ئۆزگەرتىشنىڭ ئۆزى بىر خىل جىددىي كۈرەش ئىكەنلىكىنى چۈشىنىدۇ. ئۇ زور كۈچ چىقىرىپ ئاممىنى يېتەكلەپ، ئىش ئورنىغا بېرىپ، ئاممىغا ئوخشاش چام ئېلىپ، يەكنى شىمايلاپ ئىشلەيدۇ. «دۆشە شۇجىمۇ چام ئېلىپ ئىشلەۋېتىپتۇ» دېگەن خەۋەر، گويا تېلېگرام دولقۇنىدەك، تاغدىن - تاغقا، جىلغىدىن - جىلغىغا كۆچۈپ، ھەممە ئادەمنىڭ قۇلىقىغا بېرىپ يېتىدۇ. كىشىلەر غۇلغۇلا قىلىشىپ: «دۆشە شۇجى يەيدىغان ئېشى، خەجلەيدىغان مائاشى بار تۇرۇقلۇق، يەنە چام ئېلىپ ئىشلەپ، بىز ئۈچۈن كۆيۈپ پىششىۋاتسا، بىز نېمە ئۈچۈن ئۇنىڭ كۆڭلىنى چۈشەنمەيمىز!» دېيىشىدۇ. ئۇلار ئارقا - ئارقىدىن كەتمەن، جوتو ئېلىپ ئىش ئورۇنلىرىغا كېلىپ ئۆستەڭ چاپىدۇ. دۆشە يۈسۈپ ئۆزىنىڭ رەھبەرلىك ھاياتىدا بۇنداق ئۇن - تۈنسىز «بۇيرۇق» نى تالاي قېتىم چىقارغان ھەمدە ئەمەلىي ئۈنۈمگە ئىگە بولغان. پەم - پاراسەتلىك يېتەكچى بولغان ئىش نەتىجىلىك بولماي قالمايدۇ. 1988 - يىلى 9 - ئايدا باشلانغان 10.863 كىلومېتىرلىق سۇلياۋ ياتقۇزۇلغان تاش ئۆستەڭ تېز سۈرئەتتە پۈتۈپ، 200 مو تېرىلغۇ يېرى كېڭەيتىلدى، 1989 - يىلى ئاشلىقنىڭ ئومۇمىي مەھسۇلاتى 491 مىڭ جىڭغا يېتىپ 1987 - يىلدىكىدىن 111 مىڭ جىڭ ئاشتى، ئېشىش نىسبىتى 14.6 پىرسەنتكە يەتتى. 4 - كەنتتە 1990 - يىل 5 - ئايدا باشلانغان 17.600 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى سۇلياۋ تۇرۇبا ياتقۇزۇش پىلانى 6 - ئاي ئاخىرىغىچە ئورۇندىلىپ، 650 تىن ئارتۇق ئادەم، 9.800 دىن ئارتۇق چارۋا قىش - ياز دەخلىسىز سۇ ئىچىدىغان مۇقىم يايلاق بەرپا قىلىندى. بۇ، تېرەك يېزىسىنىڭ دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىشنى ئىلگىرى سۈرۈپ، دېھقان - چارۋىچىلارنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسىنى يەنىمۇ ئۆستۈرۈشتە زور رول ئوينايدۇ. كەڭ ئامما بۇ نەتىجىلەرنى كۆرگەندە، خۇشاللىقىنى ئىچىگە پاتقۇزالماي: «قەلبداش شۇجىمىز بولغاچقا، ئەمەلىي نەپكە ئېرىشىپ كەلدۇق» دېيىشىدۇ. توغرا، ئۇ ئامما بىلەن قەلبداش بولغاچقا، ئۇنىڭ يۈرىكى ھەر ۋاقىت «خەلقىم» دەپ سوقىدۇ.

# هوقۇقنىڭ «راك كېسىلىگە ئايلىنىشى»

— مارالبېشى ناھىيەسىنىڭ سابىق ھاكىمى ئەخەت قاۋۇلنىڭ چۈشكۈنلىشىپ كەتكەنلىكى توغرىسىدا

جيەن جىڭ، لىيۇ ۋېنسەن

1990 - يىلى 6 - ئاينىڭ 25 - كۈنى، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق رېۋىزىيە نازارىتىنىڭ نازىرى مۇقىت مەڭلىك شىنجاڭدىكى ئاخبارات ساھەسىدىكىلەرگە ئاپتونوم رايونلۇق رېۋىزىيە نازارىتىنىڭ ئەخەت قاۋۇلنى مارالبېشى ناھىيەسىنىڭ ھاكىملىق ۋەزىپىسىدىن ئېلىپ تاشلاش توغرىسىدىكى قارارىنى، پارتىيەنىڭ ئىنتىزام تەكشۈرۈش ئورگانلىرىنىڭ پارتىيە ئىنتىزامى بويىچە ئۇنىڭغا جازا بېرىش توغرىسىدىكى تەكلىپىنى ھەمدە ئۇ ئەدلىيە ئورۇنلىرىنىڭ بىر تەرەپ قىلىشىغا تاپشۇرۇلغانلىقىنى ئېلان قىلدى. بۇنىڭدىن خەۋەر تاپقان مارالبېشى ناھىيەسىدىكى ھەر مىللەت خەلقى چەكسىز خۇشال بولۇپ، پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ چىرىكلەشكەنلەرنى قاتتىق جازالىغانلىقىدىن مىننەتدار بولدى.

39 ياشلىق ئەخەت قاۋۇل ئىككى يىلنىڭ ئالدىدا مارالبېشى ناھىيىلىك خەلق ۋەكىللىرى قۇرۇلتىيىدا ھاكىملىققا سايلانغانىدى. ھوقۇقنى ئۇنىڭغا خەلق بەرگەنىدى، ئەمما ئۇنىڭ شەخسىي ئارزۇسى ئادەتتىن تاشقىرى كۆپچىيىپ، دۆلەت پۇلىغا خىيانەت قىلىپ، ئابىللارنى ئاياغ - ئاستى قىلىپ، ئەسكىلىكتە ئۇچىغا چىقىپ، خەلقى ئالەم ئالدىدا يەر بىلەن يەكسەن بولۇپ، لەنەت - نەپرەتكە قالدى.

## نەپسانىيەتچىلىككە بېرىلىش

ئەخەت قاۋۇل ھاكىم بولغاندىن كېيىن، خەلق بەرگەن ھوقۇقنى ئۆزىنىڭ شەخسىي نەپ ئېلىش كاپىتالى دەپ قاراپ، ھوقۇقى ئۆتكەنلا يەردە خالىغانچە ئەسكىلىك قىلىپ، يەيمەن دېگىنىنى يېدى، ئالىمەن دېگىنىنى ئالدى.

1988 - يىلى ئۇ چارباغ يېزىسىغا خىزمەت تەكشۈرگىلى بېرىپ، ناھايىتى ياخشى ئۆسكەن بىر رەت تېرەكنى كۆرۈپ، يېزا باشلىقىغا: ناھىيىمىز تەۋەسىدە بۇنداق ياخشى ئۆسكەن دەرەخنى كۆرمىگەنىدىم. بۇ دەرەخلەرگە مېنىڭ رۇخسىتىمسىز ھېچكىم قول تەگكۈزمىسۇن دەيدۇ. ئىككىنچى يىلى ئەخەت ئۆي سالدۇرماقچى بولۇپ، بۇيرۇق چۈشۈرۈپ بۇ دەرەخلەرنى كەسكۈزىدۇ. كېسىلگەن 100 تۈپ دەرەخنىڭ ئەڭ ياخشىلىرىدىن 35 تۈپىنى تاللاپ ئۇنىڭغا 700 يۈەن ھەق تۆلەيدۇ، ئۇنىڭ تۆلىگەن پۇلى ئۇ سېتىۋالغان ئومۇمىي دەرەخ پۇلىنىڭ ئۈچتىن بىر قىسمىغىلا توغرا كېلىدۇ؛ سۇ قۇرۇلۇشى ئېلىپ بېرىلىۋاتقان ئورۇندىن بۇيرۇق چۈشۈرۈپ 480 يۈەن قىممىتىدىكى ئۈچ تونا سېمونت ئەكەلدۈرىدۇ؛ يەنە بىر يېزا باشلىقىغا 20 مىڭ دانە قىزىل خىش ئەكەلدۈرىدۇ. ئەمما بۇ ماتېرىياللارغا بىر پۇڭمۇ ھەق تۆلىمەيدۇ؛ ئۇ يەنە ناھىيىلىك باغۋەنچىلىك مەيدانىدىن 250 مىڭ دانە سۈپەتلىك خىشنى دانىسى 2.5 پۇڭلۇق بۇراق خىش قاتارىدا ئېلىپ، خىشنىڭ ئەسلى باھاسىدىن 6100 يۈەن كەم تاپشۇرىدۇ.

ئەخەت خىزمەت ھوقۇقىدىن پايدىلىنىپ ھايانغا ئېلىپ - سېتىپ پايدا ئالىدۇ. ناھىيىلىك رادىئو ئىشلىرى ئىدارىسىغا شوپۇرنى ئەۋەتىپ باھاسى 1242 يۈەنلىك «شېڭبۇ 900» تىپلىق ئۈنئالغۇنى ئالدۇرۇپ ئۆزى ئىشلىتىپ بولغاندىن كېيىن بىر يېزىلىق خەلق ھۆكۈمىتىگە مەجبۇرىي ھالدا 1870 يۈەنگە ساتىدۇ ۋە بۇنىڭدىن قانۇنسىز ھالدا 600 يۈەندىن ئارتۇق پايدا ئالىدۇ؛ قېيىن ئاتىسى بەرگەن بىر توپاقنى باشقىلارغا يېرىم يىل ھەقسىز باقتۇرىدۇ، كېيىن ئۇنى بىر يېزا باشلىقى ئارقىلىق 2000 يۈەنلىك يۇقىرى باھادا مەجبۇرىي ساتقۇزىدۇ ھەمدە سېتىۋالغۇچىغا بۇ ھاكىمنىڭ توپىقى دەپ باھا تالاشقۇزمايدۇ.

ئەخەتنىڭ جامائەتنىڭ مال - مۈلكىنى يەپ نەپسى يوغىناپ كەتكەچكە، ئۆيىگە مېھمان چاقىرغاندىمۇ

ئىشلىتىلىدىغان هاراق، تاماكا ۋە گۆش قاتارلىق يېمەك - ئىچمەكنىڭ بارلىق چىقىمىنى هۆكۈمەت هېسابىغا ئات چوت قىلدۇرغان. ئەخەت هاكىم بولۇشتىن ئىلگىرى ناھىيىلىك خەلق هۆكۈمەت مېھمانخانىسىنىڭ هېسابىدا هەر يىلى 2 - 3 مىڭ يۈەنلىك چىقىم ئېشىپ تۇراتتى. ئەخەت هاكىم بولغاندىن كېيىن بولسا هەر يىلى 20 — 30 مىڭ يۈەن زىيان چىقىپ تۇرىدىغان بولدى، بۇ پۇللارنىڭ هەممىسىنى ئۇ بۇزۇپ - چېچىپ تۈگەتتى. ئۇ يەنە ئومۇمنىڭ نەرسىسىنى ئېلىپ مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلارغا سوۋغا قىلدى، تەكشۈرۈلۈشىچە، ئۇ هاكىم بولغان مەزگىلدە ئۆزى ئىگە بولۇپ مېھمانخانا ۋە هەر قايسى يېزىلاردىن ئالۋاڭ - ياساق سېلىپ يىغىپ سوۋغا قىلغان قوي 68 گە يەتكەن.

## ئۆكتە ملىك قىلىش

مارالبېشى ناھىيىسىدە ئەخەت ئۆزىنى تەڭداشسىز يەرلىك خاقان دەپ قاراپ، ئۆكتە ملىك بىلەن ئۆزى خالىغىنىنى قىلىپ كەلدى. كىمكى ئۇنىڭ قىلغان ئەسكىلىكلىرىنى ئەيىبلىسە، يېنىكرەكلىرىگە تەنبىھ بېرىلدى، ئېغىرراقلىرى ۋەزىپىسىدىن چۈشۈرۈۋېتىلدى. ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئۆزئارا ئۇچراشقاندا قول ئېلىشىپ سالاملىشىدىغان ئادىتى بار. لېكىن ئەخەت كىشىلەر بىلەن هەرگىز يۈزمۇ يۈز تۇرۇپ قول ئېلىشىپ كۆرۈشمەيدۇ، ئۆزى باشقا تەرەپكە قاراپ تۇرۇپ، قولىنى چىقىرىپ باشقىلارغا ئۇتقۇزىدۇ. ئۇ هاراق ئىچىپ كۆڭۈل ئاچقان چاغلىرىدا باشقىلارنىڭ ئۆزىگە دەخلى قىلىشىغا يول قويمايدۇ. 1989 - يىل 5 - ئايدا، ئۇ ناھىيىلىك مائارىپ ئىدارىسىنىڭ باشلىقى بىلەن چارباغ يېزا باشلىقىنىڭ ئۆيىدە هاراق ئىچىشىۋاتقاندا، ئاناركۆل يېزىلىق ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ ئىلمىي مۇدىرى ناھىيىلىك مائارىپ ئىدارىسىنىڭ باشلىقىنى ئىزدەپ بۇ ئۆيگە كېلىدۇ. بۇ ئىشتىن ئالدىن خەۋەر تاپمىغان ئەخەت دەرغەزەپكە كېلىدۇ - دە، چاچراپ ئورنىدىن تۇرۇپ ھېلىقى ئىلمىي مۇدىرنىڭ ياقىسىدىن ئالىدۇ ۋە بىشەملىك بىلەن ئاغزىنى بۇزۇپ: «سەن نېمە ئادەم؟ مەن ئولتۇرغان سورۇنغا بەھوزۇر ئۇسۇپ كىرىدىغان نېمە هەددىڭ بار» دەپ، ئۇنى كۆپچىلىكنىڭ ئالدىدىلا هاقارەتلەيدۇ. ئەخەت يەنە گورۇھ تۈپلاپ، ئۆزىدىن نارازى بولغان ۋە ئۆزى بىلەن بىر پىكىردە بولمىغان بولداشلارنىڭ ئەدىبىنى بەردى، بەزىلىرىنى چەت - ياقا يېزىلارغا يۆتكىۋەتتى، بەزىلىرىگە هەتتا خىزمەتتىن بوشىتىۋېتىمەن دەپ تەھدىت سالدى. مارالبېشى جەڭلىق هۆكۈمەت باشلىقىنىڭ ئەخەت بىلەن خىزمەتتە پىكىر ئىختىلاپى بار ئىدى، بىر قېتىم ئۇلار هاراق سورۇنىدا بىرگە بولۇپ قالدۇ. بۇ چاغدا ئەخەت قەستەن بارمىقى بىلەن ئۆز بۇرنىنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ جەڭ باشلىقىدىن: «مېنى تونىدىڭمۇ، مەن كىم؟» دەپ سورايدۇ، جەڭ باشلىقى: «سىز ئەخەت قاۋۇل» دەپ جاۋاب بېرىدۇ. «هاكىم» دەپ ئاتىمىغانلىقى ئۈچۈن، ئەخەت جەڭ باشلىقىنى نام - ئەملىمگە هۆرمەت قىلمىدى دەپ قاراپ، كانىيىنى تىپخىمۇ يوغان كېرىپ: «ئوبدانراق قاراپ باق، مەن كىم بولىمەن؟» دەيدۇ - دە، جەڭ باشلىقىنى بىرنى تېپىدۇ ھەمدە ئۇنى شۇ سورۇندىن مەجبۇرىي چىقىرىۋېتىدۇ، ئۇزۇن ئۆتمەي جەڭ باشلىقىنى ناھىيىلىك 2 - يېنىك سانائەت ئىدارىسىگە يۆتكىۋېتىدۇ. بىر قېتىم ئەخەت ھېلىقى جەڭ باشلىقى بىلەن دوقۇرۇشۇپ قېلىپ كۆرەڭلىگەن هالدا: «قانداق؟ جەڭ باشلىقلىقتىن يۆتكىلىپ ياماقچىلارنى باشقۇرۇشنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى ئوبدان تېتىپ كۆرگەنسەن؟» دەپ تەنە قىلىدۇ.

1989 - يىلى 4 - ئايدا، ئۇ ئۆيىدە مەلۇم بىر يۇقىرى دەرىجىلىك رەھبەرنى كۈتۈۋالغاندا، مېھمانخانىدىن بىر يولىلا ئومۇمىي قىممىتى 2400 يۈەن كېلىدىغان 20 پوتۇلكا هاراق ئېلىپ كېلىپ، ئۇنى بىر ئىمزا بىلەنلا مائارىپ راسخوتىدىن چىقىم قىلدۇرۇۋېتىدۇ. 1989 - يىل 6 - ئايدا، ۋىلايەتلىك سۇ ئىشلىرى يىغىنى مارالبېشىدا ئېچىلىدۇ. ئەخەت يىغىن قاتناشقۇچىلىرىغا هۆكۈمەت پۇلى بىلەن زىياپەت بېرىپلا قالماستىن، زىياپەتتىن كېيىن ناھىيىلىك سۇ ئىشلىرى ئىدارىسىنىڭ بىر كادىرىغا هاراق ئالدۇرۇپ ياتاقتا ئىچمەكچى بولىدۇ، بۇ كادىر بەش بوتۇلكا ئىلى تېچۈي هارىقى ئېلىپ كەلسە ئەخەت هاراقنى ناچار كۆرۈپ، ئۇنى

ئەيىبلەپلا قالماستىن، يەنە ئۇنىڭغا ماۋتەي ھارىقى ئەكەلدۈردى، شۇنداق قىلىپ ئۇلار بۇ كېچىسى ھاراق ئۈچۈنلا 550 يۈەن خەجلەيدۇ.

ئەخەت ناھىيەدە يۇقىرىدىن كەلگەن رەھبەرلەرنى يۇقىرى ئۆلچەمدە كۈتۈۋالسا، يېزىغا بارغاندىن كېيىن ئۆزىنى يۇقىرى ئۆلچەمدە كۈتكۈزىدۇ. 1989 - يىل 5 - ئايدا، ئۇ چارباغ يېزىسىغا پاختا تېرىش ئەھۋالىنى تەكشۈرگىلى بارغاندا، يېزىلىق پارتكوم شۇجىسىنى زىياپەت بېرىشكە زورلايدۇ، يېزىلىق پارتكوم شۇجىسى ئەخەتنىڭ ھاراققا تويمايدىغان ئادىتىنى بىلگەچكە، بىر بوتۇلكا ماۋتەي ۋە ئىككى بوتۇلكا ئىلى تېچۈي ھارىقى تەييارلايدۇ ھەمدە قويدىن بىرنى ئۆلتۈرۈپ بېرىدۇ. ئۈچ بوتۇلكا ھاراق ئىچىلىپ بولغاندىن كېيىن، پارتكوم شۇجىسى يەنە بىر نەچچە بوتۇلكا ئىلى تېچۈي ھارىقى چىقىرىدۇ. بۇنىڭدىن ئەخەت رازى بولمىغاچقا، ئامالسىزلىقتىن يەنە ماگىزىنغا بېرىپ ئىككى بوتۇلما ۋۇلياڭيې ھارىقى ئېلىپ كېلىدۇ. ئەخەت پارتكوم شۇجىسىنىڭ ئۆيىدىن چىقىپ، يەنە يېزا باشلىقىنىڭ ئۆيىگە ھاراق ئىچكىلى بارىدۇ. يېزا باشلىقمۇ يەنە بىر بوتۇلكا ماۋتەي ۋە ئىككى بوتۇلكا ۋۇلياڭيې ھارىقى ئالىدۇ. شۇنداق قىلىپ بىر كۈن ئىچىدىلا ئىككى ئۆيدە ئىچىلگەن ھاراق پۇلى 1000 يۈەندىن ئېشىپ كېتىدۇ.

## ئەيش - ئىشرەت ۋە كەيپ - ساپادىن مېھرىنى ئۈزەلمەسلىك

ئەخەت 1987 - يىل 9 - ئايدا ھاكىملىققا تەيىنلەنگەندىن بۇيان، ئەيش-ئىشرەتلىك تۇرمۇش كەچۈرۈپ كەلدى. ئۇ، ئاشنا ئويناپلا قالماي، بەلكى ھوقۇقىدىن پايدىلىنىپ، خىزمەتكە ئورۇنلاشتۇرۇشنى يەمچۈك قىلىۋېلىپ، بىر نەچچە قىزنىڭ نومۇسىغا تەگدى، بۇنىڭ ئىچىدە يېشى ئەمدىلا 15 كە كىرگەن قىزلارمۇ بار ئىدى.

بىر قېتىم ئەخەت تانسا ئويناۋېتىپ، ناھىيىلىك سەنئەت ئۆمىكىدىكى 15 ياشلىق بىر قىز ئارتىسقا كۆزى چۈشۈپ قالىدۇ - دە، يامان نىيەتتە بولىدۇ. 1989 - يىل 2 - ئاينىڭ 12 - كۈنى ئاخشىمى ئۇ ناھىيەدىكى مەلۇم بىر ئورۇننىڭ مەسئۇلى بىلەن بىرلىكتە ئۇ قىزنىڭ ئۆيىگە بارىدۇ. ئۇ قىزنى تانسىغا تەكلىپ قىلىش باھانىسى بىلەن ناھىيىلىك ھۆكۈمەت مېھمانخانا باشلىقىنىڭ ئۆيىگە ئالداپ ئاپىرىپ قىزنىڭ نومۇسىغا تېگىدۇ ھەمدە نومۇسسىزلارچە قىزغا ھەيۋە قىلىپ: «مېنىڭ ھوقۇقۇم بار، ئەگەر ئەرز قىلساڭ ياخشى ئاقىۋەت كۆرمەيسەن.» دەيدۇ.

1989 - يىلى ئەخەت خىزمەتكە ئورۇنلاشتۇرۇش باھانىسى بىلەن 19 ياشلىق بىر قىزغا كۆپ قېتىم باسقۇنچىلىق قىلىدۇ: قىزنىڭ ئانىسى ئەھۋالنى سېزىپ قېلىپ ئۇنىڭدىن سورىغاندا، ھايۋان تەبىئەتلىك ئەخەت ياشانغان ئانىنىڭ كاچىتىغا بىر شاپىلاق ئۇرىدۇ.

مارالبېشى ناھىيەسىدە كىمكى ئەخەت ھاكىمنى مېھمانغا چاقىرماقچى بولىدىكەن، چوقۇم چىرايلىق قىزلارنى ئۇنىڭغا ھەمراھ قىلىپ بېرىشى كېرەك. بىر قېتىم ئەخەت ناھىيىلىك دوختۇرخانا باشلىقىنىڭ ئۆيىدە مېھمان بولىدۇ. دوختۇرخانا باشلىقىنىڭ ئۆيىدە قىز يوقلۇقىنى كۆرگەن ئەخەت خاپا بولۇپ: «بىرەر قىزمۇ تېپىپ كېلەلمەسەڭ، سېنى قانداقمۇ دوختۇرخانا باشلىقى دېگىلى بولسۇن؟» دەيدۇ. ئامالسىز قالغان دوختۇرخانا باشلىقى ئاللىبۇرۇن ئۇخلاپ قالغان سېستىرا قىزنى چاقىرىپ چىقىپ ھاكىمنىڭ ھاراق ئىچىشىگە ھەمراھ قىلىدۇ، ئۇ، ھاراقتىن كېيىن زورلۇق ئىشلىتىپ سېستىرا قىزنىڭ نومۇسىغا تەگمەكچى بولغاندا، قىزنىڭ قارشىلىقى بىلەن مەقسىتىگە يېتەلمەيدۇ لېكىن سېستىرانىڭ كىيىمىنى يىرتىۋېتىدۇ. ئەخەتنىڭ زىياپەتكە ياكى تانسىغا چاقىرىلغان قىزلار كەلمىسە، ئۇلارنىڭ ھەر بىرىدىن بەش يۈەن جەرىمانە ئېلىش بەلگىلىمىسى بار ئىدى، ئوقۇغۇچى بولسا جەرىمانىنى سىنىپ مۇدىرىدىن ئالاتتى، سەنئەت ئۆمىكىنىڭ بىر نەپەر قىز ئارتىسى مۇنداق دەيدۇ: «بىز گويا پادىشاھنىڭ كۆڭلىنى ئاچىدىغان ئارتىسلاردىن بولۇپ قالدۇق، ئەخەت قايسى ئاخشىمى ياقتۇرسا، بىز شۇ ئاخشىمى ئېيتىپ بېرىمىز، ئۇ بىزنىڭ قانداق كىيىمنى كىيىشىمىزنى ياقتۇرسا، بىز شۇ كىيىمنى كىيىمىز،

# ياقا 1 ـ كەنتتە نامراتلارغا يار ـ يۆلەك بولۇش خىزمىتى چىڭ تۇتۇلدى

ئېزىز ئېلى (تۇز مۇخبىرىمىز)

كۇچا ناھىيە ياقا يېزا ياقا 1 ـ كەنت پارتىيە ياچېيكىسى يېقىنقى بىر قانچە يىلدىن بۇيان، پارتىيىنىڭ يېزا ئىقتىسادىي سىياسەتلىرىنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇپ، پارتىيە ئەزالىرىنىڭ ئاۋانگارتلىق، ئەمۇنلۈك رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، نامراتلارغا يار ـ يۆلەك بولۇش خىزمىتىنى چىڭ تۇتۇپ ئىشلەپ، نامرات ئائىلە بولمىغان كەنت بەرپا قىلدى.

كۆپ يىللاردىن بۇيان، ياقا 1 ـ كەنتتە 11 ئائىلىلىك دېھقان نامراتلىقتىن قۇتۇلالماي كەلگەندى. كەنت پارتىيە ياچېيكىسى بۇ خىل ئەھۋالنى ئۆزگەرتىپ، ئۇلارنىڭ غەم ـ ئەندىشىسىنى ئۆگىنىپ، ئۇلارنى قورسىقى توق، كىيىمى پۈتۈن بولۇشتەك شارائىتقا ئىگە قىلىش ئۈچۈن نامراتلارغا يار ـ يۆلەك بولۇش، نامراتلىقتىن قۇتۇلۇشنى ياچېيكىنىڭ مۇھىم ئىشلىرى قاتارىدا تۇتتى، كۆپ قېتىم ياچېيكا ھەيئەتلىرى يىغىنى ۋە پارتىيە ئەزالىرى يىغىنى ئېچىپ، كوللېكتىپ ئەقىل كۆرسىتىپ، يار ـ يۆلەك بولۇشنىڭ كونكرېت چارە ـ تەدبىرلىرىنى تۈزۈپ چىقتى. پارتىيە ئەزالىرى ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا ئۇلارنى ھۆددە ئالدى، ئۇلار بىلەن ئايرىم ـ ئايرىم سۆھبەتلىشىش، پىكىر تەلەپلىرىنى ئاڭلاش ئارقىلىق ئۇلارنىڭ بېيىش يولىنى تاپالماسلىقىدىكى سەۋەبنى تېپىپ چىقتى ھەمدە كوللېكتىپ مەبلەغ سېلىش ئارقىلىق نامرات ئائىلىلەرنىڭ دېھقانچىلىققا جىددىي ئېھتىياجلىق بولغان هارۋا ۋە باشقا لازىمەتلىك قوراللىرىنى ئېلىپ بەردى؛ ئۇلارغا ئالدىن پۇل قەرز بېرىپ، خىمىيىۋى ئوغۇت، دېھقانچىلىق دورىسى، سۇلياۋ يوپۇق قاتارلىقلارنى ئېتىبار بىلەن تەمىنلەپ، ئۇلارنىڭ نامراتلىقتىن تېزراق قۇتۇلۇشىغا شارائىت يارىتىپ بەردى. پارتىيە ئەزالىرى ئاشلىقى ئۆكسۈپ قالغان ئائىلىلەرگە 3500 جىڭ ئاشلىق ياردەم قىلدى.

---

ئۇنىڭ ئۈچۈن خىزمەت قىلىمىز، كۆرۈنۈشتە كۈلۈپ تۇرساقمۇ، لېكىن ئىچىمىزدە يىغلايمىز.» مارالبېشى ناھىيىسىدە ئەخمەت تانسا ئوينىغان قىزلارنى باشقىلارنىڭ تانسىغا تەكلىپ قىلىشىغا بولمايتتى، بىر قېتىم ناھىيىدىكى بىر كادىر ئەخمەت تانسا ئوينىغان بىر قىز بىلەن تانسا ئوينايدۇ. بۇنىڭ بىلەن ھېلىقى كادىر كۆپچىلىكنىڭ ئالدىدا ئەخمەت ھاكىمدىن بىر شاپىلاق يەيدۇ.

ئەخمەتنىڭ قىلمىشلىرىنى بىر ـ بىرلەپ ئېيتىپ ئولتۇرمىساقمۇ، يۇقىرىقىلار يېتىپ ئاشىدۇ، ئۇنىڭ چىرىكلىشىشى ۋە چۈشكۈنلىشىشى كىشىلەرنىڭ غەزىپىنى كەلتۈرىدىغان دەرىجىگە يەتتى. ئەخمەتنىڭ ئېغىر خاتالىقىغا قارىتا ناھىيىلىك ۋە ۋىلايەتلىك پارتكومدىكى مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلار كۆپ قېتىم تەنقىد ۋە تەربىيە بەرگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇ يەنىلا خالىغىنىچە ئىش قىلىپ، تۈزەپ قىلماي، جىنايەت پاتقىقىغا بارغانسېرى چوڭقۇر پېتىپ ئاخىرىدا شەرمەندە بولدى.

ئەخمەت قاۋۇلنىڭ قىلمىش ـ ئەتمىشلىرىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈپ قاتتىق غەزەپلەنگەن مارالبېشى ناھىيىسىدىكى ئامما 1988 ـ يىلدىن باشلاپ مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلارغا كۆپ قېتىم ئىنكاس قىلغانىدى. 1989 ـ يىل 12 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى يولداش ھامىدىن نىياز مارالبېشى ناھىيىسىدىكى ئاممىدىن كەلگەن بىر پارچە پاش قىلىش خېتىگە: «رېۋىزىيە نازارىتى ئاساس قىلىنغان ھالدا ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى قاتارلىق ئورۇنلار كىچىك خىزمەت گۇرۇپپىسى تەشكىللەپ، مارالبېشىدىكى ئەخمەت قاتارلىقلارنىڭ مەسىلىسىنى ئەستايىدىل تەكشۈرۈپ، قاتتىق بىر تەرەپ قىلىش كېرەك» دەپ تەستىق سالغانىدى. يولداش ھامىدىن نىيازنىڭ يوليورۇقىغا ئاساسەن، ئاپتونوم رايونلۇق رېۋىزىيە نازارىتى خىزمەت گۇرۇپپىسى تەشكىللەپ، مارالبېشىدا تۇرۇپ بەش ئاي تەكشۈرۈش ئارقىلىق، نۇرغۇنلىغان قىيىنچىلىق ۋە توسالغۇلارنى يېڭىپ، ئەخمەت قاۋۇلنىڭ مەسىلىسىنى ئاخىرى ئېنىقلاپ چىقتى.

# لاياقەتسىز دەپ باھالانغان پارتىيە ئەزالىرىنىڭ سايلاش ۋە سايلىنىش ھوقۇقى بولامدۇ؟

پارتىيە ئەزالىرىنى دېموكراتىك باھالاشتا كۆپچىلىك لاياقەتسىز دەپ بېكىتكەن پارتىيە ئەزالىرىنىڭ سايلاش ۋە سايلىنىش ھوقۇقىنىڭ بولۇشى ياكى بولماسلىقى توغرىسىدا «نىزامنامە» ۋە باشقا مۇناسىۋەتلىك ھۆججەتلەردە ئېنىق بەلگىلىمە يوق. بۇ ھەقتە چۈشەنچە بېرىلسە.

مۇناسىۋەتلىك ھۆججەتلەرنىڭ روھى ۋە پارتىيىنى قايتىق تۈزەشنىڭ تەلىپى بويىچە، پارتىيە ئەزالىرىنى دېموكراتىك باھالاش بىلەن لاقايەتسىز پارتىيە ئەزالىرىنى مۇۋاپىق بىر تەرەپ قىلىشنى زىچ بىرلەشتۈرۈپ ئېلىپ بېرىش كېرەك. لاياقەتسىز پارتىيە ئەزالىرىغا نىسبەتەن باھالاشلا بولۇپ، بىر تەرەپ قىلىش بولمىسا بولمايدۇ، ياكى «باھالاش»نى «چارە كۆرۈش» نىڭ ئورنىغا دەسسىتىشكىمۇ بولمايدۇ. دېموكراتىك باھالاشتا لاياقەتسىز دەپ قارالغان پارتىيە ئەزالىرىنىڭ كونكرېت ئەھۋالىغا ئاساسەن، تەربىيىنى قوبۇل قىلىشنى خالايدىغانلارغا ھەمدە تۈزەش قىلىش ئىرادىسى بارلارغا ئومۇمەن خاتالىقىنى تۈزىتىش مۆھلىتى بېرىلسە بولىدۇ؛ تەربىيىنى قوبۇل قىلمىغان ۋە پارتىيە ئىنتىزامىنىڭ چەكلىمىسىنى قوبۇل قىلىشنى خالىمىغانلارنى نەسىھەت بىلەن پارتىيىدىن چېكىندۈرۈش كېرەك. نەسىھەت بىلەن پارتىيىدىن چېكىندۈرۈلىدىغان پارتىيە ئەزاسى چېكىنىشكە ئۇنىماي تۇرۇۋالسا، ياچېيكا يىغىنىنىڭ مۇزاكىرىسىگە قويۇپ، رويخەتتىن ئۆچۈرۈشنى قارار قىلىش ھەمدە يۇقىرى دەرىجىلىك پارتىيە تەشكىلاتىغا تەستىقلىتىش لازىم.

«چارە كۆرۈش» — ئىنتىزام جازاسى بولماستىن، تەشكىلىي جەھەتتە بىر تەرەپ قىلىش ئۇسۇلى. «خاتالىقىنى تۈزىتىش مۆھلىتى» بېرىش چارىسى لاقايەتسىز پارتىيە ئەزالىرىنى پارتىيىدە قالدۇرۇپ داۋاملىق تەربىيىلەپ ۋە كۆزىتىپ، ئۇنى مەلۇم مۆھلەت ئىچىدە پارتىيە ئەزالىرىنىڭ ئۆلچىمىگە يەتكۈزۈشتىكى بىر خىل شەكىل، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلاردا يەنىلا سايلاش ۋە سايلىنىش ھوقۇقى بولىدۇ؛ پارتىيىدىن نەسىھەت بىلەن چېكىندۈرۈلگەن ۋە رويخەتتىن ئۆچۈرۈلگەن لاياقەتسىز پارتىيە ئەزالىرىنىڭ پارتىيىلىكلىكى بولمىغانلىقى ئۈچۈن ئۇنىڭدا تەبىئىي ھالدا سايلاش ۋە سايلىنىش ھوقۇقى بولمايدۇ.

# مېنىڭ كاندىدات پارتىيە ئەزالىقىم قاچان، قايسى ئورۇندا رەسمىيلەشتۈرۈلىدۇ؟

يولداش تەھرىر:

مەن 1989 ـ يىل 6 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنى چېگرا مۇداپىئە قىسمىنىڭ مەلۇم لىيەن پارتىيە ياچېيكىسىدا جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ بىر يىللىق مۇددەت بىلەن كاندىدات پارتىيە ئەزالىقىغا قوبۇل قىلىنغانىدىم. كاندىدات ۋاقتىم توشماي تۇرۇپلا يەنى بۇ يىل 3 ـ ئايدا ھەربىي مەجبۇرىيىتىمنى ئادا قىلىپ، قىسمدىن ئايرىلىپ يۇرتۇمغا قايتىپ كەلدىم. مەلۇم مەزگىلدىن كېيىن تىرىم يېزىلىق پەيچۇسوغا تەقسىم قىلىنىپ ئىشلەۋاتىمەن. مەن قىسىمدىن ئالمىشىپ كېلىپلا، ناھىيىلىك خەلق ئىشلىرى ئىدارىسىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بويىچە تەشكىلىي رەسمىيىتىمنى يېزىلىق پارتكومغا يۆتكەپ كېلىپ تاپشۇرغان ۋە پارتىيە تەشكىلىنىڭ رەسمىيلىشىش ئىشىمنى ئويلىشىپ كۆرۈشى توغرىسىدا ئىلتىماس يازغانىدىم ھەمدە پارتىيە ئەزالىق بەدەل پۇلىنى ئىدارە جەمئىيەت پارتىيە

ياچېيكىسىغا تاپشۇرۇپ كېلىۋاتىمەن. لېكىن ھازىرغىچە مېنى رەسمىيلەشتۈرۈشكە ئىگە چىقمايۋاتىدۇ. شۇڭا سىزلەردىن قىسمەن ياكى باشقا ئورۇنلاردا پارتىيىگە قوبۇل قىلىنىپ رەسمىيلىشىش ۋاقتى توشۇشتىن ئىلگىرى يېڭى ئورۇنغا يۆتكىلىپ بارسا، ئۇ يەردىكى پارتىيە تەشكىلاتى ۋاقتىنى ئۇزارتقان ياكى كېچىكتۈرگەنلىكى توغرىسىدا ھېچنەرسە دېمەي سەل قارىسا، بۇنداق پارتىيە ئەزاسىنىڭ ئىشىنى قايسى ئورۇن مەسئۇل بولۇپ بىر تەرەپ قىلىدۇ؟ جاۋاب بېرىشىڭلارنى سورايمەن.

يوپۇرغا ناھىيە تېرىم يېزىلىق پەيچۇسودىن غالىپ مۇھەممەت

يولداش غالىپ مۇھەممەت:

«ياچېيكا تۇرمۇشى» ژۇرنىلى ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمىنىڭ ھاۋالىسى بىلەن «مېنىڭ كاندىدات پارتىيە ئەزالىقىم قاچان، قايسى ئورۇندا رەسمىيلەشتۈرۈلىدۇ؟» دېگەن سوئالىڭىزغا ئۆز قارىشىمنى ئوتتۇرىغا قويۇپ سىز بىلەن پىكىر ئورتاقلاشماقچىمەن.

خېتىڭىزنىڭ مەزمۇنىدىن قارىغاندا، ھەربىي قىسىم مەلۇم لىيەندە كاندىدات پارتىيە ئەزالىققا قوبۇل قىلىنىپسىز، ئۇن ئايدەك ۋاقىت ئۆتكەندە ھەربىي سەپتىن قايتىپ، ئۆز يۇرتىڭىزغا بېرىپ، تەشكىلنىڭ تەقسىماتى بويىچە يېزىلىق پەيچۇسودا ئىشلەۋېتىپسىز، «پارتىيىنىڭ تەشكىلىي خىزمىتىگە دائىر قوللانما»نىڭ 187 - تېمىسىدىكى: «كاندىدات پارتىيە ئەزالىرىنىڭ خىزمىتى يۆتكەلسە، ھەربىيلەر ھەربىي سەپتىن قايتسا، ئوقۇغۇچىلار مەكتەپ پۈتتۈرۈپ تەقسىم قىلىنسا، رەسمىيلەشتۈرۈش مەسىلىسىنى قانداق بىر تەرەپ قىلىش كېرەك؟» دېگەن مەسىلىگە خېلى ئېنىق جاۋاب بېرىلگەن. سىزنىڭ تەشكىلىي مۇناسىۋىتىڭىزنى يېزىلىق پارتكوم مەسئۇلىيەتچانلىق بىلەن بۇرۇنقى يەنى ھەربىي قىسىمدىكى خىزمەت، ئىدىيە ئەھۋالىڭىزنى تونۇشتۇرۇپ يازغان ئالاقىڭىزنى كۆرۈپ يېڭى خىزمەت ئورنىڭىزدىكى پارتىيە تەشكىلاتى يەنى يېزىلىق پارتكوم سىزنىڭ رەسمىيلىشىش - رەسمىيلەشمەسلىك ئىشىڭىزنى بېجىرىشى كېرەك.

كاندىدات پارتىيە ئەزالىرىنىڭ خىزمىتى يۆتكەلسە ياكى ھەربىي سەپتىن قايتسا ئۇنى رەسمىيلەشتۈرۈش مەسىلىسىنى قانداق بىر تەرەپ قىلىش كېرەكلىكى ھەققىدە مۇنداق كۆرسىتىلگەن: «كاندىدات پارتىيە ئەزالىرىنىڭ خىزمىتى كاندىداتلىق مۇددىتى ئىچىدە يۆتكەلسە، ئەسلى ئورۇندىكى پارتىيە تەشكىلاتى مەسئۇل بولۇپ ئۇنى باھالاپ بېرىش كېرەك. كاندىداتلىق مۇددىتى توشۇپ، رەسمىيتى بېجىرىلمىگەن يولداشلارنى رەسمىيلەشتۈرۈش مەسىلىسىنى ئەسلى ئورۇندىكى پارتىيە تەشكىلاتى ئۆز ۋاقتىدا مۇزاكىرە قىلىپ بىر تەرەپ قىلىشى كېرەك. ئەسلى ئورۇندىكى پارتىيە تەشكىلاتى كاندىداتلىق مۇددىتىنى ئۇزارتىشقا تېگىشلىك بولغانلار ياكى تۈرلۈك سەۋەبلەر بىلەن رەسمىيلەشتۈرۈش رەسمىيتى ۋاقتىدا بېجىرىلمەي قالغانلارنىڭ كاندىداتلىق مۇددىتىنى ئۇزارتىشنىڭ ياكى رەسمىيلەشتۈرۈش رەسمىيتىنىڭ ۋاقتىدا بېجىرىلمەي قالغانلىقىنىڭ سەۋەبلىرىنى، رەسمىيلەشتۈرۈشكە بولىدىغان - بولمايدىغانلىقى توغرىسىدىكى پىكرىنى يېڭى خىزمەت ئورنىغا مەسئۇلىيەتچانلىق بىلەن ئېنىق تونۇشتۇرۇشى كېرەك. كاندىداتلىق مۇددىتى توشمىغان بولسا، ئەسلى ئورۇندىكى پارتىيە تەشكىلاتى كاندىدات پارتىيە ئەزالىرىنى كۆزىتىش ۋە تەربىيەلەش ئەھۋالىنى يېڭى خىزمەت ئورۇندىكى پارتىيە تەشكىلاتىغا ئېنىق تونۇشتۇرۇشى كېرەك، ئۇلارنى رەسمىيلەشتۈرۈش ئىشىنى يېڭى خىزمەت ئورۇندىكى پارتىيە تەشكىلاتى بېجىرىشى كېرەك.» بۇ بىر قاتار بەلگىلىمىلەر سىزنىڭ كونكرېت ئەھۋالىڭىزغىمۇ مۇۋاپىق كېلىدۇ.

خېتىڭىزنىڭ مەزمۇنىدىن قارىغاندا، كاندىدات پارتىيە ئەزاسى چوقۇم بىر يىل كاندىداتلىق مۇددىتى توشقاندىن كېيىن دەرھال رەسمىيلىشىشى كېرەك، دېگەن ھېسسىياتتا ئوخشايسىز. قارىماققا شۇنداقتەك بولسىمۇ، ئەمەلىيەتتە تۈرلۈك سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن ۋاقتىدا بېجىرىلمەي قالىدىغان ئەھۋاللارمۇ بولىدۇ. ئالايلۇق، يېڭى خىزمەت

(ئاخىرى 20 - بەتتە)

# بىر پارچە مۇقاۋا سۈرىتىدىن ئويلىغانلىرىم

ئوبۇلقاسىم مۇھەممەت

نۆۋەتتە، تەشۋىقات، ئاخبارات ساھەلىرى ئاخبارات ئىسلاھاتى ئېلىپ بېرىپ، تەشۋىقاتنىڭ ئىجتىمائىي ئۈنۈمىنى ئۆستۈرۈش يولىدا زور ئىرىشجانلىقلارنى كۆرسەتمەكتە. ئەنە شۇلارنىڭ ئىچىدە شىنجاڭ «ياچېيكا تۇرمۇشى» ژۇرنىلىنىمۇ ئالاھىدە تىلغا ئېلىشقا ئەرزىيدۇ. چۈنكى، بۇ ژۇرنال شىنجاڭنىڭ پارتىيە قۇرۇلۇشىنى ياخشىلاش ۋە كۈچەيتىش، پارتىيە ياچېيكىلىرىنىڭ جەڭگىۋار قورغانلىق رولىنى، كومپارتىيە ئەزالىرىنىڭ ئاۋانگارتلىق، ئەمۇنىلىك رولىنى جارى قىلدۇرۇشتا كەم بولسا بولمايدىغان زۆرۈر ئوقۇشلۇق بولۇپ قالدى. ئۇ ئۆزىنىڭ رەڭگا-رەڭ سەھپىلىرى بىلەن پارتىيە ئىچىدىلا ئەمەس، بەلكى كەڭ ئاممىغا ئارىسىدىمۇ تەسىر كۆرسەتمەكتە. بولۇپمۇ يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، ژۇرنال شەكىلدىن مەزمۇنىغىچە ئۆزگىچە تۈس ئېلىپ، رايونىمىزدىكى پارتىيە ئەزالىرى تەربىيىسىدە دەرسلىك بولۇپ قالدى. ژۇرنالنىڭ 1990-يىل 9 - سانىنىڭ مۇقاۋىسىغا بېرىلگەن بىر پارچە سۈرەت ژۇرنالنىڭ ئۆزگىچە رەڭدارلىقىنى ھەسسىلەپ ئاشۇرۇپ، ئەشرىياتچىلىق سېپىدە يەنە بىر خۇشپۇراقلىق گۈل ئېچىلدۇرغان. سۈرەتتە ئۈرۈمچى شەھەرلىك قورالىق ساقچى قىسىم ئوت ئۆچۈرۈش 2 - ئوتترىدا ئەترەت باشلىقى، كومپارتىيە ئەزاسى ئابدۇل يۈسۈپنىڭ 300 نەچچە قېتىملىق ئوت ئۆچۈرۈش جېڭىدىكى ئاجايىپ پىداكارلىقى، جەسۇرلۇقى، جاپادىنمۇ، ئۆلۈمدىنمۇ قورقمايدىغان ھەقىقىي قىياپىتى ناھايىتى جايىدا سۈرەتلەنگەن. مەزكۇر ژۇرنالنى قولغا ئالغان ھەر قانداق كىتابخان ئۇنىڭدىن سۆيۈنمەي، تەسىرلەنمەي ھەمدە ئاشۇنداق قەھرىمان ئوغلاندىن پەخىرلەنمەي قالمايدۇ. مەن ژۇرنالنى قولۇمغا ئېلىپ، ئابدۇلنىڭ جەسۇر قامىتىدىن، ھەيۋەتلىك بەستىدىن قاتتىق تەسىرلەندىم. ئۇ، ئوت ئىچىدە ھېچنېمىدىن قورقماسلىقتەك پىداكارلىق روھىنى نامايان قىلىپ، ئوت ئۆچۈرۈش جەڭلىرىگە قوماندانلىق قىلىپ، دۆلەتنىڭ مال - مۈلكى ۋە خەلقنىڭ ھايات - ماماتىنى قوغداش يولىدا كومپارتىيە ئەزالىق شەرىپىنى نامايان قىلغاچقا ۋە كومپارتىيە ئەزالىق خىسلەتنى ساقلاپ، ئۆزلۈكسىز ئالغا باسقاچقا، كۆپ قېتىم ئىلغار خىزمەتچى، ئۈلگىلىك كومپارتىيە ئەزاسى، مەملىكەتلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى سىستېمىسى بويىچە ئۈلگىلىك ئاساسىي قاتلام ئوتترىدا ئەترەت باشلىقى بولغان ھەمدە شان - شەرەپكە ئېرىشكەن. ئۇ بىزگە ئىسلاھات قاينىمىدىكى كومپارتىيە ئەزالىرىنىڭ قانداق رول ئويناشى ھەققىدە يەنە بىر قېتىملىق سىگنال بەردى. كومپارتىيە ئەزالىرى خەلقنىڭ چاكىرى ۋە ئاددىي پۇقرا، لېكىن كومپارتىيە ئەزالىرىنىڭ ئۈستىگە ئالغان مەجبۇرىيىتىدىن قارىغاندا، ئۆز ئۆۋزىدە ئاددىي ھەم ئۇلۇغ شەخس، چۈنكى ئۇ، كوممۇنىزم ئىشلىرى ئۈچۈن ئۆمۈرۋايەت كۆرەش قىلىشقا ئۆزىنى ئاتىغان. شۇڭا، يولداش ئابدۇل يۈسۈپ تۆت ئاساسىي پرىنسىپتا چىڭ تۇرۇپ، ئىسلاھات قاينىمىدا غەۋۋاستەك ئۈزگەن ئەزىمەتلەرنىڭ تىپىك ۋەكىلى (بۇنداق كومپارتىيە ئەزالىرى قوشۇنىمىزدا ئاز ئەمەس)، لېكىن شۇنىمۇ كۆرۈشىمىز كېرەككى، بۈگۈنكى كۈندە ئۆزىنىڭ كومپارتىيە ئەزالىق سالاھىيىتىنى يوقىتىپ، خەلق ئارىسىدا يامان تەسىر پەيدا قىلغان بىر قىسىم ئىشتىپاقلىقنىڭ كۆشەندىلىرى، نەپسانىيەتچىلەر، خۇدىنى يوقىتىپ ھالاكەت گىردابىغا بېرىپ قالغان كومپارتىيە ئەزالىرىمۇ يوق ئەمەس. يولداش ئابدۇل يۈسۈپنىڭ ئىش-ئىزلىرى ئۇلار ئۈچۈن بىر ئەينەك. كومپارتىيە ئەزالىرى خەلقنى شىلىۋالىدىغانلار بولماستىن، ئۆزىنى ئۇنتۇغان ھالدا جان - دىلى بىلەن خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىشى كېرەك، بۇنى پارتىيىمىزنىڭ خاراكتېرى بەلگىلىگەن. يېڭى تارىخىي شارائىتتا، ئاز ساندىكى پارتىيە ئەزالىرى ئىسلاھات پۇرسىتىدىن پايدىلىنىپ، ئۆزى ئۈچۈنلا نەپ ئېلىپ، پارتىيىمىزنىڭ شانلىق ئوبرازىغا داغ چۈشۈرمەكتە. شۇڭا، بىز كومپارتىيە ئەزالىرى ھەر ۋاقىت سەگەك ماركسىزمچىلاردىن بولۇپ، «تىنچ ئۆزگەرتىۋېتىش»نىڭ ئالدىنى ئېلىشىمىز كېرەك. يولداش ئابدۇل يۈسۈپ نېمە قىلىۋاتىدۇ، بىز نېمە قىلىشىمىز لازىم؟ مانا بۇلارنى ئويلاپ كۆرۈشىمىزگە ئەرزىيدۇ. مەن بىر ئاددىي كومپارتىيە ئەزاسى، ئۆزۈمنى يولداش ئابدۇل يۈسۈپنىڭ يالقۇن ئىچىدىكى لەززەتلىك ھاياتى بىلەن سېلىشتۇرغىنىمدا، ئوتتۇرىدىكى پەرقنىڭ ناھايىتى زور ئىكەنلىكىنى، تېخىمۇ غەيرەتكە كېلىپ، جانپىدالىق كۆرسىتىشىمنىڭ لازىملىقىنى ھېس قىلماقتىمەن.

تەھرىر بۆلۈمىدىكى يولداشلارنىڭ تېخىمۇ ئىرىشجانلىق كۆرسىتىپ، ئاخبارات ئىسلاھاتىدا يەنىمۇ ئۇلاج تاشلاپ ئۈزۈپ، ئۆزلۈكسىز ئىلگىرىلەپ، پارتىيە قۇرۇلۇشىنى ياخشىلاش يولىدا تېگىشلىك تۆھپە قوشۇش ئۈچۈن، ژۇرنالنىڭ مەزمۇنىدىن مۇقاۋىسىغا قەدەر يەنىمۇ رەڭدار، يەنىمۇ جۇلالىق چىقىرىپ، پارتىيە ئەزالىرىنىڭ مەنىۋى تۇرمۇشىغا لەززەت بېغىشلىشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

---

(بېشى 28 - بەتتە)

سوتسىيالىزم شۇئىبىلىرى، ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەرنىڭ سىياسىي مەكتەپلىرى ھەر دەرىجىلىك دىنىي ئىشلار خىزمىتى كادىرلىرىنى پىلانلىق ھالدا تەربىيىلىشى لازىم.

ۋەتەنپەرۋەر دىنىي تەشكىلاتلارنىڭ ئىجابىي رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇش لازىم. پۈتۈن شىنجاڭدىكى شەھەر، ئوبلاست، ناھىيىلەر قەشقەر، خوتەن، ئاقسۇ، تۇرپان ۋىلايەتلىرىدە ئىسلام جەمئىيەتلىرىنى ئىمكان بار تېز قۇرۇش لازىم.

دىنىي مەسىلىنىڭ چېتىشلىق دائىرىسى كەڭ، ئەھۋاللار مۇرەككەپ، يالغۇز بىرلىكسەپ، دىنىي ئىشلار تارماقلىرىغا تايىنىپ ئىشلەش تولىمۇ كۇپايە قىلمايدۇ. ئالاقىدار تارماقلار ھەر دەرىجىلىك پارتىيە كومىتېتلىرى ۋە خەلق ھۆكۈمەتلىرىنىڭ بىر تۇتاش رەھبەرلىكىدە، ئىدىيىنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ، سىياسەتنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ، ئىش تەقسىم قىلىۋېلىپ مەسئۇل بولۇپ، پۈتۈن كۈچى بىلەن ھەمكارلىشىپ، ھەر تەرەپتىن تۈزىتىشى لازىم.

1990 - يىل 8 - ئاينىڭ 10 - كۈنى

## پارتىيە ئەزالىرىنىڭ باشلامچىلىقىدا. . .

چاپچال شىبە ئاپتونوم ناھىيىسىنىڭ بەشسۇمۇل يېزا ئاپپار مەھەللە پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ شۇجىسى خەن شۇشىڭ پارتىيە ئەزالىرىنى ئاۋانگارتلىق، باشلامچىلىق رولىنى ياخشى جارى قىلدۇرۇپ، دۆلەتكە كۆپرەك ۋەتەنپەرۋەرلىك ئاشلىقى سېتىپ بېرىشكە سەپەرۋەر قىلدى ھەمدە تۇ تۈز ئەمەلىيىتى ئارقىلىق ئۈلگە كۆرسىتىپ، دۆلەتكە 62 مىڭ 940 كىلوگرام سورتلۇق بۇغداي سېتىپ بەردى، ئاپتونوم رايونلۇق ئەمگەك نەمۇنىچىسى، ئىلى ۋىلايىتى بويىچە مۇنەۋۋەر پارتىيە ئەزاسى تاڭ شۇسۇن چاقىرىققا قىزغىن ئاۋاز قوشۇپ، 65 مىڭ 230 كىلوگرام سۈپەتلىك بۇغداي سېتىپ بەردى، قالغان پارتىيە ئەزالىرىمۇ تۆلاردىن قېلىشماي بەس - بەستە دۆلەتكە ئاشلىق سېتىپ بېرىپ، كومپارتىيە ئەزالىرىنىڭ مول ھوسۇل ئالغاندا دۆلەتنى، خەلقنى ئېسىدىن چىقارماسلىق، تۆھپە يارىتىشتا ئۆز ئارا بەسلىشىشتەك يېڭى كەيپىياتىنى ياراتتى. تۆلاردىن ئىلھام ئالغان دېھقانلارمۇ ئېشىنچە ئاشلىقلىرىنى ئالدى بىلەن دۆلەتكە سېتىپ بەردى. شۇنىڭ بىلەن بۇ مەھەللىنىڭ دۆلەتكە سېتىپ بەرگەن يازلىق ئاشلىقى 508 مىڭ كىلوگرامغا يېتىپ، سېتىپ بېرىش ۋەزىپىسى ئىككى ھەسسە ئاشۇرۇپ- ئورۇندالدى.



هاشىماخۇن ئاسىم

## خىيانەتچىلىكنىڭ ئاقىۋىتى

قەشقەر يېڭىشەھەر ناھىيە ياپچان بازارلىق ئامانەت قەرز كوپېراتىپىنىڭ كەسىپي كادىرى ئابدۇرېھىم يۈنۈس 1986 - يىل 10 - ئايدىن 1989 - يىل 12 - ئايغىچە، خىزمەت قولايلىقىدىن پايدىلىنىپ، شەخسلەردىن ئالغان ئامانەتنى ھېسابقا كىرىم قىلماسلىق، ريالغان ھۆججەت ياساپ ھېسابقا كىرگۈزۈش، يىغىۋېلىنغان قەرز پۇللارنى ھېساب دەپتىرىگە كىرىم قىلىپ بازماسلىقتەك رەزىل ۋاسىتىلەرنى قوللىنىپ 26 مىڭ 176 يۈەن خەلق ئامانەت پۇلىغا خىيانەت قىلغان. 21 كىشىنىڭ 23 پارچە ئامانەت چېكىدىكى 22 مىڭ 536 يۈەن پۇلنى ئېلىپ ھېسابقا كىرىم قىلمىغان؛ 17 نەپەر كىشى نامى بىلەن 18 پارچە، جەمئىي 3590 يۈەنلىك يالغان قەرز چېكى يېزىپ ھېسابقا كىرگۈزگەن؛ يەنە بىر كىشىدىن 50 يۈەن قەرز پۇلنى يىغىۋېلىپ ھېسابقا كىرىم قىلمىغان.



ئابدۇرېھىم يۈنۈس سادىر قىلغان خاتالىقنىڭ خاراكتېرى ئېغىر، ئۇسۇلى قەبىھ بولۇپ، پارتىيە ئىنتىزامى ۋە دۆلەت قانۇنىغا خىلاپلىق قىلىپ، پارتىيىنىڭ ئاممىا ئىچىدىكى ئىناۋىتىگە ئېغىر تەسىر يەتكۈزۈپ، ئىناۋەتلىك قەرز كوپېراتىپىنىڭ شەرىپىگە داغ كەلتۈرگەنلىكى ئۈچۈن، يېڭىشەھەر ناھىيىلىك ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى ئۇنى پارتىيىدىن چىقاردى، ناھىيىلىك خەلق سوت مەھكىمىسى ئۇنىڭغا ئالتە يىللىق قاماق جازاسى ھۆكۈم قىلدى.

مەمتىمىن سەلەي

## پۇل ئۇنىڭ ئىرادىسىنى تەۋرىتەلمىدى

بۇ يىل 4 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى چۈشتىن كېيىن، كۈيتۇڭ شەھەرلىك سوت مەھكىمىسىنىڭ سوتچىسى، كومپارتىيە ئەزاسى يولداش تۇراقنىڭ ئايالى خەلچەم ئۆي تازىلاۋېتىپ ئۇستەل سائىتىنىڭ كەينىدە كونۋېرت ئىچىگە سېلىنغان مىڭ يۈەن پۇلنىڭ تۇرغانلىقىنى بايقاپ، يولدىشىغا خەۋەر قىلدى. تۇراق پۇل سېلىنغان كونۋېرتنىڭ كۈيتۇڭ شەھەرلىك ترانسپورت شىركىتىنىڭ ئىش كونۋېرتى ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ، ئۇنى مەلۇم بىر جىنايەتچىنىڭ دادىسى — كۈيتۇڭ شەھەرلىك ترانسپورت شىركىتىنىڭ بىر ئىشچىسى قويۇپ كەتكەنلىكىنى جەزملەشتۈردى. ئۇنىڭ ئوغلى بىر لۈكچەكلىك، ئوغرىلىق دېلوسىغا قاتناشقانلىقتىن قانۇن بويىچە قولغا ئېلىنغان. ھېلىقى ئىشچى تۇراقنىڭ ئۆيىگە ئادەم ئەۋەتىپ ئوغلىغا بىر ئەنچە يېنىك جازا ئۆددىتىنى ئازايتىپ بېرىشنى تەلەپ قىلغان.



يولداش تۇراق ئۇنىڭغا: «بىز قانۇن بويىچە دېلو ئىشلەيمىز. قانۇننىڭ بەلگىلىمىسى بويىچە قانداق ھۆكۈم قىلىشقا تېگىشلىك بولسا شۇنداق ھۆكۈم قىلىمىز.» دەپ جاۋاب بەرگەن. ئارىدىن ئۈچ كۈن ئۆتكەن كېيىن، ھېلىقى ئىشچى سوتنىڭ قايسى ۋاقىتتا ئۆتكۈزۈلىدىغانلىقىنى ئۇقۇشنى باھانە قىلىپ تۇراقنىڭ ئۆيىگە بېرىپ، كونۋېرت ئىچىگە سېلىنغان مىڭ يۈەن پۇلنى ئۆيدىكىلەر سەزمىگەن ۋاقىتتا ئۇستەل سائىتىنىڭ كەينىگە قويۇپ چىقىپ كەتكەن. يولداش تۇراق پۇل ئالدىدا ئىرادىسىنى تەۋرەتمەي، پۇلنىڭ ھەممىسىنى تەشكىلگە تاپشۇرۇپ بەرگەن.

تەلئەت

## چىرىكلىك ئۇنى ھالاكەتكە ئېلىپ باردى

ج ك پ ئاۋات ناھىيىلىك كومىتېتىنىڭ سابىق ئەزاسى، ناھىيىلىك مائارىپ ئىدارىسىنىڭ باشلىقى ئابلەت روزى ۋەزىپىگە تەيىنلەنگەن بىر نەچچە يىلدىن بۇيان، ئىدىيە ۋە ئەخلاقتا چىرىكلەشكەنلىكى، ھۆكۈمەت پۇلىغا خىيانەت قىلغان ۋە پارا قوبۇل قىلغانلىقى ئۈچۈن، پارتىيىدىن چىقىرىلدى، مەمۇرىي ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇلدى.

ئابلەت روزى ئىسلاھات ۋە ئىشىكنى سىرتقا ئېچىۋېتىشنىڭ سىناقلىرىغا بەرداشلىق بېرەلمەي، پارتىيە ۋە خەلق بەرگەن ھوقۇقنى شەخسىي نەپ ئالىدىغان دەستەك دەپ بىلىپ، خىزمەتتىكى قولايلىق شارائىتتىن پايدىلىنىپ،



ھۆكۈمەتنىڭ 1260 يۈەندىن ئارتۇق پۇلىغا خىيانەت قىلغان؛ ئوقۇتقۇچىلارنى يۆتكەش، خەلق باشقۇرۇشىدىكى ئوقۇتقۇچىلارنى رەسمىيلەشتۈرۈش، ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش پۇرسىتىدىن پايدىلىنىپ 804 يۈەندىن ئارتۇق پارا قوبۇل قىلغان؛ ئاز پۇل بېرىپ كۆپ ئېلىۋېلىش ئۇسۇلىنى قوللىنىپ، ئاساسىي قاتلاملارنى قاقتى ـ سوقتى قىلىپ 2455 يۈەندىن ئارتۇق قىممەتتىكى مال ـ مۈلۈك ۋە نەق پۇلنى ئىگىلىۋالغان. ئۇ يەنە ئەخلاقىي پەزىلەتتە چىرىكلىشىپ، قىز ـ ئاياللارنىڭ نومۇسىغا تەگكەن.

ئۆرمە ھەممەت توختىنىياز

# دۆلەت ئەھۋالى قايسى مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ

«دۆلەت ئەھۋالى» دېگىنىمىزدە، بىر دۆلەتنىڭ مەدەنىيەت تارىخىي ئەنئەنىسى، تەبىئىي جۇغراپىيىلىك مۇھىتى، ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي تەرەققىيات ھالىتى ۋە خەلقئارا مۇناسىۋىتى قاتارلىق كۆپ تەرەپنىڭ يىغىندىسى، شۇنىڭدەك بولۇپمۇ بىرەر دۆلەتنىڭ مەلۇم دەۋردىكى ئاساسىي ئەھۋالى كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

دۆلەت ئەھۋالىنى كونكرېت قىلىپ مۇنداق يەتتە جەھەتكە ئايرىشقا بولىدۇ: (1) تەبىئىي مۇھىت ۋە تەبىئىي بايلىق مەنبەسى؛ دۆلەت زېمىنىنىڭ كۆلىمى، گېئولوگىيىسى، يەر يۈزىنىڭ تۈزۈلۈشى، يەر ئۈستى تۈزۈلۈشى، كىلىماتى، كان مەھسۇلاتلىرى، جانلىقلار، سۇ، نۇر، ئىسسىقلىق مەنبەسى قاتارلىقلار. (2) پەن - تېخنىكا، مائارىپ ئەھۋالى: پەن - تېخنىكا قوشۇنى، پەن تەتقىقات سەۋىيىسى، تۈزۈلمىسى، مائارىپ پىلانى، قۇرۇلمىسى، سەۋىيىسى، تۈزۈلمىسى قاتارلىقلار. (3) ئىقتىسادىي تەرەققىيات ئەھۋالى: ئىقتىسادىي كۈچى، ئىقتىسادىي تۈزۈلمىسى، ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرى، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى، تاشقى ئىقتىسادىي مۇناسىۋىتى قاتارلىقلار. (4) سىياسىي ئەھۋالى: سىنىپ ۋە ئىجتىمائىي قاتلاملارنىڭ ئايرىلىشى، سىياسىي پارتىيىلەر بىلەن سىياسىي تەشكىلاتلار ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت، سىياسىي تۈزۈلمە، سىياسىي تۈزۈم، دېموكراتىيە ۋە قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشى قاتارلىقلار. (5) جەمئىيەت ئەھۋالى: ئاھالە، مىللەت، نىكاھ، جەمئىيەتتە جىنايەت سادىر بولۇش ۋە ئۇنىڭغا مۇناسىپ تەدبىرلەر قاتارلىقلار. (6) مەدەنىيەت ئەنئەنىسى: قىممەت قارىشى يۈزلىنىشى، ئەدەپ - ئەخلاق قارىشى، دىنىي ئېتىقاد، سەنئەت قارىشى ۋە مىللىي ئەنئەنە ۋە ئۆرپ - ئادەتلىرى قاتارلىقلار. (7) خەلقئارا مۇھىت ۋە خەلقئارا مۇناسىۋەت.

بىر دۆلەتتىكى دۆلەت ئەھۋالىنىڭ ئومۇمىي ئىپادىسى شۇ دۆلەت تۇرۇۋاتقان ئىجتىمائىي تەرەققىيات باسقۇچىنى ئاساسەن ئەكس ئەتتۈرگەن بولىدۇ.

(«لياۋنىڭ باشلىرى»دىن ئېلىندى)

# باش شۇجى قىزىل گۆرۈچ گاڭپىنى يەپ، كاۋا شورپىسى ئىچتى

1989 - يىل 10 - ئاينىڭ 15 - كۈنى، باش شۇجى جياڭ زېمىن جىڭگاڭشەن كونا ئازاد رايوننى كۆزدىن كەچۈرگىلى كەلدى. شۇ كۈندىكى چۈشلۈك تاماق سۈيچۇەن ناھىيىلىك پارتكوم مېھمان كۈتۈشكە ئورۇنلاشتۇرۇلغانىدى. باش شۇجى تاماق شىرەسىنىڭ قېشىغا يېتىپ كەلگەندە، ج ك پ جياڭشى ئۆلكە جىئەن ۋىلايەتلىك پارتكومنىڭ شۇجىسى ۋاڭ گوبىن ئۇنىڭغا: بىز تاماقنى ئايرىپ يېيىش تۈزۈمىنى يولغا قويدۇق، ھەر بىر كىشىگە بىر كىشىلىك تاماق بېرىلىدۇ، دەپ تونۇشتۇردى. باش شۇجى كۈلۈمسىرىگەن ھالدا بېشىنى لىڭشىتىپ تۇرۇپ: «ياخشى، تاماقنى ئايرىپ يېيىش تۈزۈمى ياخشى! مۇشۇنداق قىلىشىمىز كېرەك!»، — دېدى. باش شۇجىغىمۇ باشقىلارغا ئوخشاشلا، كىچىك تەخسىلىك بامبۇك نوتىسى، كۆك پۇرچاق، ئەركەك ئەمەن كۆكى ۋە ئازراق ئاق ئامۇر بېلىقى كەلتۈرۈلدى. باش شۇجى ئۆزى بىر قاچا قىزىل گۆرۈچ گاڭپىنى ئۇسسۇپ، تاماقنى يېگەچ: «بۇ كۆكتاتلار ناھايىتى يېڭى، تەملىك ۋە ياخشى ئىكەن» دېدى.

10 - ئاينىڭ 16 - كۈنى جىڭگاڭشەندە، باش شۇجى: بۈگۈن بىز بىر ۋاقلىق قىزىل گۆرۈچ گاڭپىنى يەپ، كاۋا شورپىسى ئىچەيلى، دەپ تەكلىپ بەردى. قىزىل گۆرۈچ گاڭپىنى كەلتۈرۈلدى، باش شۇجى تۇنجى بولۇپ بىر قاچا ئۇسسۇپ: بۇنى ئەينى يىللاردا ماۋۋېيۇەن ۋە قىزىل ئارمىيە جەڭچىلىرى دائىم يەيتتى. گەرچە بىز بۈگۈنكى كۈندە جىڭگاڭشەندىكى ئۇرۇش مەزگىلىدىكىدەك، كۈندە قىزىل گۆرۈچ گاڭپىنى يەپ، كاۋا شورپىسى ئىچمىسەكمۇ، لېكىن جىڭگاڭشەندىكى شەرەپلىك ئىنقىلابىي ئەنئەنىنى بىر كۈنمۇ ئۇنتۇپ قالماسلىقىمىز كېرەك» دېدى.

(«يېرىم ئايلىق سۆھبەت»تىن ئېلىندى)

# دېڭ شياۋپىڭنىڭ تەبىئىتى

رەئىس ماۋزېدۇڭ 1959 - يىلى، مەن دۆلەت رەئىسى بولۇۋەرمەي، باشقىلار بولسۇن، مەن 2 - سەپكە چېكىنىشىم كېرەك، دەپ كۆرسەتتى. ئۇ رەئىسلىككە كىمنى قويسا بولىدىغانلىقىنى دېمىگەچكە كۆپچىلىك زۇۋان سۈرمەيدۇ.

بۇ چاغدا، دېڭ شياۋپىڭ گەپ ئېچىپ: «ھېچكىم

ئوتتۇرىغا قويمىسا، مەن ئوتتۇرىغا قوياي، ليۇ شاۋچى بولسۇن» دەيدۇ. كەسكىن، جىددىيلىك، چوڭ ئىشلاردا ئارىسالدا بولماي ئۆز پىكرىدە تۇرۇش، ھالقىلىق پەيتتە، جۈرئەتلىك بولۇش، مانا بۇلار دېڭ شياۋپىڭنىڭ ئەينىتى ئىدى.

ئۇنىڭغا قوشۇلمايدىغانلار چىقمايدۇ، رەئىس ماۋزېدۇڭمۇ قارشى چىقمايدۇ. كۆپچىلىك چاۋاك چېلىپ قوشۇلىدىغانلىقىنى بىلدۈردى.

(«يېڭى كەچلىك گېزىت»تىن ئېلىندى)

## يۇ چيۇلى باشقىلارنى ئۆلۈمدىن قۇتۇلدۇرۇپ سول بىلىكىدىن ئايرىلىپ قالغان

1936 - يىلى باش باھاردا، بىزنىڭ قىزىل 2 -، 6 - جۈنتۈەنلىرىمىز ۋۇمېڭشەن تاغلىق رايونىدا قوغلاپ يۈرگەن دۈشمەنلەرگە قارشى بىر ئايدىن ئارتۇق ملڭ يوللۇق ئايلانما جەڭنى قانات يايدۇردى. بىر قېتىملىق جەڭدە، 18 - تۈەنىمىزنىڭ تۈەنجاڭى چېڭ بىنشىن، جېڭۋېيسى يۇ چيۇلى بىر تاغ ئۈستىدە ئۇرۇشقا قوماندانلىق قىلدى. چېڭ بىنشىن ئاكوپتىن چىقىپ قوشۇن باشلاپ، مۇھاسىرىدىن بۆسۈپ ئۆتۈۋاتقان غالجىر دۈشمەنگە زەربە بېرىۋاتقان، بىر تىزىق پىلىموت ئوقى ئۇلارغا قاراپ ئېتىلدى. بۇنى كۆرگەن يۇ چيۇلى چاققانلىق بىلەن چېڭ بىنشىنى بىر ياققا ئىتتىرىۋېتىپ ئۆلۈمدىن قۇتۇلدۇرۇپ قالدى، ئەمما ئۆزىنىڭ سول بىلىكى ئوق تېگىپ سۇندى. شۇنىڭدىن كېيىن، ئۇرۇشنىڭ ئالدىراشچىلىقى، دورا يوقلۇقى، تۇرمۇشنىڭ جاپا - مۇشەققەتلىكى تۈپەيلىدىن، يارا ئۆزلۈكسىز ياخشىلانمايدۇ، ھەربىي يۈرۈشتە يۇ چيۇلى ئاغرىق توختىتىش ئۈچۈن، سوغۇق سۇغا چىلانغان لۆڭگىنى يارىغا ئورايدۇ، ئۆزۈن سەپەرنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىگە كەلگەندىلا، ئاندىن قولىنى كېسىش ئوپېراتسىيىسى قىلدۇرىدۇ. يۇ چيۇلى يولداشلىرىنىڭ ھاياتىنى قوغداپ قېلىش يولىدا سول بىلىكىدىن ئايرىلىپ قالدى.

(«پارتىيە تارىخىغا دائىر ماتېرىياللار توغرىسىدا خەۋەرلەر»دىن ئېلىندى)

## سۇن جۇڭشەننىڭ «دۆلەت ئاتىسى» دېگەن نامىنىڭ كېلىش مەنبەسى

سۇن جۇڭشەننىڭ «دۆلەت ئاتىسى» دەپ ئاتىلىشى دەسلەپتە جۇڭگو گومىنداڭنىڭ تەكلىپى بىلەن بولغان. 1941 - يىل 5 - ئاينىڭ 29 - كۈنى، ۋاڭ جىڭۋېينىڭ قورچاق مەركىزىي سىياسىي كومىتېتىنىڭ 49 - سانلىق يىغىنىدا، جۇڭگو گومىنداڭ «جۇڭخۇا مىنگونى ۋە جۇڭگو گومىنداڭنى ئۆز قولى بىلەن قۇرغان زۇڭلى سۇن جۇڭشەن ئەپەندىنى ھۆرمەتلەپ، جۇڭخۇا مىنگونىڭ دۆلەت ئاتىسى دەپ ئاتاش» تەكلىپىنى بېرىدۇ: يىغىن ئۇنىڭ تەكلىپىنى ماقۇللايدۇ ھەمدە مۇنداق ھۆرمەت بىلدۈرۈش چارىسىنى تۈزۈپ چىقىدۇ: «ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەتلەر، ھەر قايسى قانۇنىي سىياسىي پارتىيىلەر ۋە خەلق تەشكىلاتلىرى، ئاپپاراتلار، زال ۋە يىغىلىش سورۇنلىرىنىڭ دەل ئوتتۇرىسىغا، دۆلەت بايرىقى كېسىشتۇرۇلگەن جايىنىڭ ئاستىغا جۇڭخۇا مىنگو دۆلەت ئاتىسىنىڭ سۈرىتىنى ھەمدە ئۇنىڭ ۋەسىيەتنامىسىنى ئېسىپ قويۇش»، «رەسمىي يىغىلىش ۋە يىغىنلاردا دۆلەت ئاتىسىنىڭ سۈرىتىگە ئۈچ قېتىم تازىم قىلىپ سالام بېرىش ھەمدە دۆلەت ئاتىسىنىڭ ۋەسىيەتنامىسىنى ئېسىپ قويۇش كېرەك»، «يىغىلىشلاردا نۇتۇق سۆزلىگەندە، دۆلەت ئاتىسىنىڭ نامى تۇنجى تىلغا ئېلىنغاندا، ئورنىدىن تۇرۇپ ياكى دىققەتتە تۇرۇپ ئېھتىرام بىلدۈرۈش كېرەك»، «خەت - ئالاقە، دەرسلىك كىتابلار، گېزىت، ژۇرنال، شۇنىڭدەك بارلىق يازما ماتېرىياللاردا زۇڭلى ياكى سۇن جۇڭشەن ئەپەندى دەپ ئاتاشقا توغرا كەلگەندە، ھەممىنى دۆلەت ئاتىسىغا ئۆزگەرتىش ھەمدە ئاساسلىق باشقۇرغۇچى ئورگانلار ئۆز ئالدىغا تەكشۈرۈش تەپسىلىي پرىنسىپلىرىنى تۈزۈپ يولغا قويۇشى كېرەك». شۇنىڭ بىلەن سۇن جۇڭشەنىنىڭ «دۆلەت ئاتىسى» دېگەن نامى تارقىلىپ كەتكەن.

(«پارتىيە تارىخىغا دائىر ئۇچۇرلار»دىن ئېلىندى)

## ئېلىمىزنىڭ ئاۋىئاتسىيە سانائىتى تەمىنلىگەن ئايروپىلان 13 مىڭدىن ئېشىپ كەتتى

1954 - يىلى مەملىكىتىمىزدە ئىشلەنگەن تۇنجى ئايروپىلان كۆككە كۆتۈرۈلگەندىن ئېتىبارەن، ئېلىمىزنىڭ ئاۋىئاتسىيە سانائىتى ئارمىيىمىزنى قىرغۇچى ئايروپىلان، بومباردىمانچى ئايروپىلان، كۈچلۈك زەربىدار ئايروپىلان، تىك ئۇچار ئايروپىلان، ترانسپورت ئايروپىلانى، رازۋېتكا ئايروپىلانى، مەشىق ئايروپىلانى، كەسپىي ئايروپىلان، ئۇچقۇچىسىز ئايروپىلان ۋە قارا (نىشان) ئايروپىلانى قاتارلىق 25 خىل، 55 تىپتىكى 13 مىڭدىن ئارتۇق ئايروپىلان ۋە ئاۋىئاتسىيە ماتورى قاتارلىق مەھسۇلاتلار بىلەن تەمىنلىدى.

(«گۇاڭشى ياچىيكا تۇرمۇشى»دىن ئېلىندى)

## كادىرلارنىڭ ئۆزىنى چەكلەش تۈزۈمى توغرىسىدىكى ۋاقىتلىق بەلگىلىمە پات ئارىدا ئېلان قىلىنىدۇ

مەركەزدىكى ئالاقىدار تارماقلار ئۈچۈش قىلىپ پارتىيە ـ ھۆكۈمەت ئورگانلىرىدا ئورۇق ـ ئۈغقانلار ئۆزىنى چەكلەش تۈزۈمى توغرىسىدىكى ۋاقىتلىق بەلگىلىمە تۈزۈۋاتىدۇ. ئۇ، ۋەزىپىدە ئۆزىنى چەكلەش، جامائەت ئىشىدا ئۆزىنى چەكلەش، رايوندا ئۆزىنى چەكلەشتىن ئىبارەت ئۈچ قىسمىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان. ئىلىمىزدە بۇلتۇر يىلنىڭ بېشىدىن باشلاپ، 12 ئۆلكە، شەھەر باشلامچىلىق بىلەن رەھبىرىي كادىرلار ئۆزىنى چەكلەش تۈزۈمىنى ئورناتتى ۋە يولغا قويدى. ئۇنىڭ كونكرېت مەزمۇنى، پارتكوم، ھۆكۈمەت ۋە ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى، جامائەت خەۋپسىزلىكى ئورگانلىرى، سوت مەھكىمىلىرى، تەپتىش مەھكىمىلىرىدە باشلىق ۋە مۇئاۋىن باشلىقلىق ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالغان كادىرلار ۋە ئۇلارنىڭ ئۇغقانلىرى شۇ رەھبەر بىلەن بىۋاسىتە يۇقىرى ـ تۆۋەن دەرىجە مۇناسىۋىتى بار رەھبەرلىك ۋەزىپىسىنى ئۆتەشكە بولمايدۇ، ئادەتتە شۇ رەھبەرلىك ئورۇنلۇق ئورنىدا ئىشلەشكىمۇ بولمايدۇ؛ پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىدىكى رەھبەرلەرنىڭ ئۆزىگە ئالاقىدار ۋەزىپىگە تەيىنلەش، ۋەزىپىدىن قالدۇرۇش، ئارخىپ باشقۇرۇش قاتارلىق ئورلۇك كەسپىي خىزمەتلەرگە ئارىلىشىشقا بولمايدۇ، شۇنىڭدەك باشقىلارغا ئۆتكۈزۈپ، بېشارەت بېرىپ تەسىر كۆرسىتىشكە ياكى ئارىلىشىشقا بولمايدۇ، دېگەنلەردىن ئىبارەت.

(«تەشۋىقات قوللانمىسى»نىڭ 1990 ـ يىل 19 ـ سانىدىن ئېلىندى)

## ئېلىمىزدىن چەت ئەلگە چىقىپ ئوقۇپ كەلگەن خادىملارنىڭ ئەھۋالى ۋە ئۇلارنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىرى

1988 ـ يىلنىڭ ئاخىرىغا قەدەر، مەملىكەت بويىچە چەت ئەلگە چىقىپ ئوقۇپ كەلگەن خادىملار 42000 كىشىدىن ئارتۇق، ئۇلارنىڭ ئىچىدە، 1978 ـ يىلدىن كېيىن ۋەتەنگە قايتقانلار 32600 كىشى. دوكتورلۇق ئىلمىي ئۇنۋانى ئېلىپ قايتىپ كەلگەنلەر 4200 كىشىدىن ئارتۇق. ماگىستىرلىق ئۇنۋانى ئېلىپ قايتقانلار 3500 كىشىدىن ئارتۇق، باكالاۋىرلىق ئۇنۋانى ئېلىپ قايتىپ كەلگەنلەر 1800 كىشىدىن ئارتۇق، ئۇنۋانسىز ئوقۇپ كەلگەنلەر 32300 كىشىدىن ئارتۇق.

تاللاپ تەكشۈرۈش ئەھۋالىدىن قارىغاندا، چەت ئەلدە ئوقۇپ كەلگەن خادىملارنىڭ 63 پىرسەنتى ئالىي دەرىجىلىك كەسپىي تېخنىكا ۋەزىپىسىگە تەكلىپ قىلىنىپ، مەملىكىتىمىزدىكى يېڭى بىر ئەۋلاد پەن باشلامچىلىرىدىن بولۇپ قالغان. 30 پىرسەنت كىشى ھەر دەرىجىلىك رەھبەرلىك بەنزىلىرىگە تاللاپ كىرگۈزۈلگەن. تەخمىنەن 60 كىشى مۇئاۋىن مىنىستىر دەرىجىلىك كادىر، 1260 نەچچە كىشى ئىدارە دەرىجىلىك كادىر، 11400 نەچچە كىشى باشقارما دەرىجىلىك كادىر بولغان. چەت ئەلدە ئوقۇپ كەلگەن بۇ 42000 دىن ئارتۇق كىشى ئىچىدە، 21700 نەچچە كىشى پەن ـ تېخنىكا نەتىجىسى مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن.

(«تەشۋىقات قوللانمىسى»نىڭ 1990 ـ يىل 2 ـ سانىدىن ئېلىندى)

## سوۋېت ئىتتىپاقى ئېلىمىزگە تۆت چوڭ بازارنى ئېچىۋەتتى

سوۋېت ئىتتىپاقى سىبىرىيىنى ئېچىش ئۈچۈن، جۇڭگوغا تۆت چوڭ بازارنى ئېچىۋېتىشنى قارار قىلدى. 1) ئەمگەك كۈچى بازىرى. مۆلچەرلىنىشىچە، سىبىرىيىنى ئېچىشقا 80 مىليون ئەمگەك كۈچى كېرەك ئىكەن. 2) دېھقانچىلىق ۋە چارۋىچىلىق مەھسۇلاتلىرى بازىرى. بۇ مەھسۇلاتلار سوۋېت ئىتتىپاقىدا قىس بولۇپ كەلگەن، ئۇلار جۇڭگونىڭ مۇشۇ مەھسۇلاتلار بىلەن تەمىنلىشىنى ئۈمىد قىلىدىكەن. 3) يېنىك سانائەت بازىرى. ئۇلار بولۇپمۇ ئۈنئالغۇ، فوتو ئاپپارات، قار ـ قۇر بۇيۇملار، مەدەنىيەت ـ مائارىپ سايمانلىرى، ئىلمە ۋە پاختا توقۇلما بۇيۇملىرى قاتارلىقلارغا ئېھتىياجلىق ئىكەن. 4) پەن ـ تېخنىكا بازىرى. سىبىرىيىدە يېنىك سانائەت ۋە توقۇمىچىلىق سانائىتى، يېمەك ـ ئىچمەك جەھەتلەردىكى تېخنىكىنىڭ قوللىنىلىشى ۋە تەتقىق قىلىنىشى ناھايىتى ئاجىز ئىكەن. شۇڭا، جۇڭگونىڭ مۇشۇنداق تېخنىكلار بىلەن تەمىنلىشىنى ئۈمىد قىلىدىكەن.

(«يېبرىم ئائىلىق سۆھبەت» ژۇرنىلىنىڭ 13 ـ سانىدىن ئېلىندى)

## ئادەم بەدىنىگە دائىر قىزىقارلىق سانلار

بىر ئادەم سائىتىگە تەخمىنەن 680 مىڭ تېرە دانىچىسىنى تاشلايدۇ، مۇبادا بىر ئادەم 70 ياشقىچە ياشىسا، ئۇ 48 كىلوگرام تېرىسىنى يوقىتىدۇ.

ئادەمنىڭ چېچى كۈندە تەخمىنەن 45 تالدىن چۈشۈپ تۇرىدۇ. بىر ئادەمنىڭ ئۆز ھاياتىدا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 1 مىليون 500 مىڭ تال چېچى چۈشىدۇ. ئەمما ئادەم چېچىنىڭ ئوتتۇرىچە سانى 125 مىڭ تال بولىدۇ، بەلكى ئۈزلۈكسىز يېڭىلىنىپ تۇرىدۇ.

ئادەمنىڭ چوڭ مېڭىسىدە 10 مىلياردتىن ئارتۇق نېرۋا ھۈجەيرىسى بار بولۇپ، ھەر كۈنى ئادەم ھاياتىدىكى تەخمىنەن 86 مىليون ئۇچۇرنى خاتىرىلەيدۇ. مۆلچەرلىنىشىچە، ئادەم ئۆز ھاياتىدا ئەستە تۇتۇشقا تايىنىپ 100 تىرىليون ئۇچۇرنى ساقلىيالايدىكەن.

ئەگەر ئادەم چوڭ مېڭىسىنىڭ پائالىيىتى ئېلېكتر ئېنېرگىيىسىگە ئالماشتۇرۇلسا، ئۇ 20 ۋاتلىق لامپىنىڭ قۇۋۋىتىگە باراۋەر كېلىدۇ.

ھەر 2.54 كۋادرات سانتىمېتر ئادەم تېرىسىدە تەخمىنەن 32 مىليون دانە مىكروب بار بولىدىكەن، گەۋدىسى چوڭراق بىر ئادەمنىڭ پۈتۈن بەدىنىدىكى تېرىسىدە جەمئىي 100 مىليارد مىكروب بار بولىدىكەن، بۇ يەر شارى ئاھالىسىنىڭ 22 ھەسسىسىگە باراۋەر دېگۈدەك كېلىدۇ.

يۈرەك كۈنىگە سەرپ قىلىدىغان ئېنېرگىيە 900 كىلوگرام ئېغىرلىقتىكى جىسىمنى 1.2 مېتر ئېگىزلىككە كۆتۈرۈشكە يېتىدىكەن. بىر ئادەم 50 ياشقا كىرگىچە ئۇنىڭ يۈرىكى ئىشلىگەن قۇۋۋەت 18 مىڭ توننا ئېغىرلىقتىكى جىسىمنى 200 مىڭ مېتىردىن ئارتۇق ئېگىزلىككە كۆتۈرەلەيدىكەن.

(«گۇاڭشى ياچېيكا تۇرمۇشى»دىن ئېلىندى)

## ئاجايىپ - غارايىپ دوختۇرخانىلار

قاۋاقخانا دوختۇرخانا. سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ تيۇمېن شەھىرىدە يېقىندا بىر قاۋاقخانا دوختۇرخانا تەسىس قىلىنغان بولۇپ، بۇ دوختۇرخانا خېرىدارلارنى داۋالاش قىممىتىگە

ئىگە ئىچىملىكلەر بىلەن تەمىنلەپلا قالماستىن، بەلكى يەنە مەلۇم ئۇسسۇزلۇق دورىلىرىدىن پايدىلىنىشقا دائىر مەسلىھەت بېرىش مۇلازىمىتى بىلەنمۇ تەمىنلەيدىكەن. داۋالىنىشنى ئارزۇ قىلغان «بىمار»لار بۇ يەرگە كېلىپ، ياخشى داۋالاش مۇلازىمىتىنى قوبۇل قىلىدىكەن.

ھاراق تاشلاش دوختۇرخانىسى. شۋېتسىيە ھۆكۈمىتى كۈنسېرى كۆپىيىۋاتقان ھاراقكەشلەرگە تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن، ئالايىتەن پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدا «ھاراق تاشلاش دوختۇرخانا»لىرىنى تەسىس قىلغان. ساقچىلار مەس بولغانلارنى سەزگەن ھامان، ئۇلارنى تۇتۇپ، قاتتىق دوختۇرلىرىنىڭ ئۇلارنىڭ قېنىنى تەكشۈرۈپ كۆرۈشىگە تاپشۇرۇپ بېرىدىكەن. مۇبادا ئۇ كىشىنىڭ قېنى تەركىبىدە ئىسپىرت مىقدارى 1‰ تىن ئېشىپ كەتكەن بولسا، شۇئان ئۇنى مەجبۇرىي ھالدا ھاراق تاشلاش دوختۇرخانىسىغا كىرگۈزۈپ ئۈچ ئاي داۋالىتىپ، ئۇنىڭغا ھاراقنى تاشلاتقۇزىدىكەن.

كۇتۇپخانا دوختۇرخانا. ئىتتىپاق گېرمانىيىسىنىڭ بەزى دوختۇرخانىلىرىدا ھەمىشە كېسەل داۋالايدىغان بىر خىل كۇتۇپخانىلارنى كۆرگىلى بولىدۇ. كېسەللەر بۇ كۇتۇپخانىلارغا كېلىپ، دوختۇرلار تەۋسىيە قىلغان، لايىھىلىگەن كىتاب ۋە گېزىت - ژۇرناللارنى ئوقۇپ شۇنىڭدەك پاتېفون پلاستىنكىلىرىنى قويۇپ، يەنى ئۆزى ياقتۇرىدىغان ھېكايىلەر ياكى كىشىنى مەپتۇن قىلىدىغان مۇزىكىدىن ھوزۇر ئېلىش ئارقىلىق بىئاراملىقتىن، روھىي ئەندىشە ۋە كېسەل ئازابىدىن قۇتۇلىدىكەن. بۇنىڭ بىلەن سوزۇلما خاراكتېرلىك كېسەللىكلەرگە گىرىپتار بولغان تۈرگۈن بىمارلار دورا يېمەيلا ساقىيىپ كېتىدىكەن.

كىنوخانا دوختۇرخانا. رۇمىنىيىنىڭ پرائىت شەھىرى ئەتراپىدىكى بىر قەدىمكى تۇز كانىدا بىر يەر ئاستى كىنوخانىسى بار بولۇپ، ھەر ھەپتىدە ئۈچ مەيدان چوڭ ئېپىكى بەدىئىي فىلىم قويۇلىدىكەن. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، بۇ كىنوخانىنىڭ ھاۋا تېمپېراتۇرىسى دەم سىقىلىش كېسەللىكى قاتارلىق نەپەس يولى كېسەللىكلىرىگە گىرىپتار بولغۇچىلارغا نىسبەتەن بەلگىلىك داۋالاش ئۈنۈمىگە ئىگە ئىكەن. كېسەللەر بۇ يەرگە كېلىپ كىنو كۆرگەچ كېسىلىنى داۋالايدىكەن.

(«گۇاڭشى ياچېيكا تۇرمۇشى»دىن ئېلىندى)

# ئەسلى مەقسىتىمىز ھەرگىز بۇ ئەمەس ئىدى

## — گېرمانىيە بىرلىككە كەلگەندىن كېيىن

خۇشۇيدۇڭ

گېرمانىيە بىرلىككە كېلىشنىڭ ئالدى - كەينىدە، تەبرىكلەش پائالىيەتلىرى ئۇقتىلىق ئۆتكۈزۈلۈۋاتقان بىگى پايتەخت بېرلىننىڭ قىسمەن رايونلىرىدا تەرتىپسىزلىك يۈز بەردى؛

دېموكراتىك گېرمانىيە ئاھالىلىرى كۆپ قېتىم كوچىغا چىقىپ نامايىش ئۆتكۈزدى؛

بىرلىككە كەلتۈرۈش سۆھبىتىگە قاتناشقان مۇھىم شەخس، ئىتتىپاق گېرمانىيە ئىچكى ئىشلار مىنىستىرى سېيوبلې 10 - ئاينىڭ 12 - كۈنى ئوققا ئۇتتۇلۇپ، ئېغىر يارىلاندى؛

...

10 - ئاينىڭ 3 - كۈنى، ئىككى گېرمانىيە 40 نەچچە يىلدىن بۇيانقى ئارزۇسىنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، بىرلىككە كەلدى. لېكىن بايرام كەيپىياتىدا يۈز بېرىشكە تېگىشلىك بولمىغان بۇ بىر قاتار ۋەقەلەرنىڭ سادىر بولۇشى كىشىلەرنى چوڭقۇر ئويغا سالدى. دېموكراتىك گېرمانىيىدىكى مۇتلەق كۆپ ساندىكى كىشىلەر ئازابلانغان ۋە ئۈمىدسىزلەنگەن ھالدا: «ئەسلى مەقسىتىمىز ھەرگىز بۇ ئەمەس ئىدى»، دېيىشتى.

### 1. بىرلىككە كېلىش نىسپىي نامراتلىقنى پەيدا قىلدى

ئىتتىپاق گېرمانىيىسىدە چىقىدىغان نوپۇزلۇق بىر ژۇرنالدا ئېلان قىلىنغان ستاتىستىكىلىق ماتېرىيالغا قارىغاندا، ئىككى گېرمانىيە بىرلىككە كەلگەندىن كېيىن، ئەسلى دېموكراتىك گېرمانىيە رايونلىرىدىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ئايلىق ساپ كىرىمى 1000 ماركقا يەتمەيدىغانلار 71 پىرسەنتنى، غەربىي گېرمانىيە رايونلىرىدىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەر ئارىسىدىكىلەر بولسا ئاران 9 پىرسەنتنى ئىگىلەيدىكەن؛ ئايلىق ساپ كىرىمى 2000 ماركتىن يۇقىرى بولغانلار غەربىي گېرمانىيىدە 52%، دېموكراتىك گېرمانىيىدە بولسا 1 پىرسەنتنى ئىگىلەيدىكەن. ئەسلىدىكى دېموكراتىك گېرمانىيە ئاھالىسى، ئەمەلىيەتتە، بىرلىككە كەلگەن گېرمانىيىدىكى «نامراتلار»غا ئايلىنىپ قالغان.

ئەسلىدىكى دېموكراتىك گېرمانىيە ئاھالىلىرىگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، نىسبەتەن ئاز بولغان بۇ ئىش ھەقىقىي ساقلاپ قىلىشنىڭ ئۆزىمۇ بىر خۇشاللىنارلىق ئىش ئىدى. بۇ يىل 7 - ئاينىڭ 1 - كۈنى ئىقتىساد ۋە پۇل بىرلىككە كەلتۈرۈلگەندىن كېيىن، غەربىي گېرمانىيە ماركى ۋە ئەركىن رىقابەتنىڭ زەربىسى تۈپەيلىدىن، غەربىي گېرمانىيە رايونلىرىدىكى كارخانىلار كەينى - كەينىدىن تاقالدى، ئىشسىز قالغان ئىشچىلار سانى 1 مىليون 800 مىڭ كىشىگە يېتىپ، دېموكراتىك گېرمانىيىدىكى ئىشقا ئورۇنلاشقان ئاھالىنىڭ 20 پىرسەنتىدىن كۆپرەكىنى ئىگىلىدى. بىرلىككە كەلگەندىن كېيىن، دېموكراتىك گېرمانىيىدىكى زور كۆپچىلىك دۆلەت خادىملىرى بىلەن خەلق ئارمىيىسىنىڭ شاللىنىپ قېلىشى ئىشسىزلار سانىنى يەنە بىر قېتىم زور دەرىجىدە ئاشۇرۇۋەتتى. ئىشسىزلىق دېموكراتىك گېرمانىيىدىكى مۇتلەق كۆپ ساندىكى ئاھالە ئەڭ ئەندىشە قىلىدىغان مەسىلە بولۇپ قالدى.

ئىشسىزلىق ۋە تۆۋەن كىرىم قاتارلىق رېئال ئىقتىسادىي مەسىلىلەردىن باشقا، ئەسلىدىكى دېموكراتىك گېرمانىيە ئاھالىلىرى روھىي جەھەتتە ئۆزاقچە «2 - دەرىجىلىك پۇقرالىقنىڭ دەرد - ئازابىنى تارتىدۇ».

بۇلتۇر كېيىنكى يېرىم يىلدا بىرلىككە كېلىشنىڭ پۈرسىتى چىققاندىن ئېتىبارەن، بون ھۆكۈمىتى باشتىن - ئاخىر ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلىگەن قىياپەتتە تۇرۇۋېلىپ، دېموكراتىك گېرمانىيە ھۆكۈمىتى بىلەن ئاھالىسىنىڭ ئارزۇسىنى نەزەرىگە

ئېلىپمۇ قويمىدى. چېگرا ئېچىۋېتىلگەندىن كېيىن دېموكراتىك گېرمانىيىدىن نۇرغۇن كىشى غەربىي گېرمانىيىگە ئېقىپ كىرگەنىدى، ئەمما ئۇلار غەربىي گېرمانىيىلىكلەرنىڭ كەمسىتىشىگە ئۇچرىغانلىقتىن، ئاخىرىدا ئۈمىدسىزلىنىپ قايتىپ كېتىشكە مەجبۇر بولدى، نۇرغۇنلىغان غەربىي گېرمانىيىلىكلەر ئۈچۈن ئېيتقاندا، دېموكراتىك گېرمانىيىلىكلەر ئۇلارنىڭ يۈكىنى ئېغىرلىتىۋەتكەن، تۇرمۇش خاتىرجەملىكى ۋە باياشادلىقىغا زىيان يەتكۈزگەن «تۆۋەن دەرىجىلىك كىشىلەر» ئىدى.

بىرلىككە كېلىش ئەسلىدىكى غەربىي گېرمانىيە ئاھالىسىغىمۇ بەلگىلىك نامراتلىقنى ئېلىپ كېلىدۇ.

بىرلىككە كەلتۈرۈشكە كېرەكلىك بولغان زور خىراجەت بونن ھۆكۈمىتىنىڭ ئېغىر ئىقتىسادىي يۈكىنى تېخىمۇ ئېغىرلىتىۋەتتى. بونن ھۆكۈمىتى بىرلىككە كەلتۈرۈش خىراجىتى چىقىمى ئۈچۈن بۇ يىلقى مالىيە خام چوتىنى ئۈچ قېتىم كۆپەيتىپ، ئاممىۋى تارماقلارنىڭ قەرز ئومۇمىي سوممىسىنى تۇنجى قېتىم 1 تىرىليون ماركلىق چوڭ ئۆتكەلدىن ئاشۇرۇۋەتتى. مۆلچەرلىنىشىچە، بۇنىڭدىن كېيىنكى ئون يىل ئىچىدە، بونن ئەسلىدىكى غەربىي گېرمانىيە رايونلىرىنىڭ ئىگىلىكىنى راۋاجلاندۇرۇش ئۈچۈن، ھەر يىلى 100 مىليارد مارك چىقىم قىلىدىكەن. بۇ دەل نۆۋەتتە بونن ھۆكۈمىتىنىڭ بېشىنى ئاغرىتىۋاتقان بىر مەسىلىدىن ئىبارەت.

غەربتىكى بەزى نوپۇزلۇق ئەرباپلار ۋە ژۇرناللار گېرمانىيىنىڭ بىرلىككە كېلىشىگە باھا بەرگەن چاغدا دېگىنىدەك، گېرمانىيە ئىگىلىكى بۇ ئېغىر يۈكنى يۈدۈۋالغاندىن كېيىن، قىسقا ۋاقىت ئىچىدە تەرەققىي قىلىپ ئەسلىدىكى گېرمانىيىنىڭ سەۋىيىسىگە يېتەلىشى ناھايىتى تەس، گېرمانىيە بۇنىڭدىن كېيىنكى بىر مەزگىل ئىچىدە، ئەسلىدىكى غەربىي گېرمانىيىگە قارىغاندا تېخىمۇ نامراتلىشىپ كېتىدۇ.

بونن ھۆكۈمىتى ئاھالىلەرگە «ئىشتانباغ»نى چىڭىتىپ، بىر قانچە يىل «قىس تۇرمۇش» كەچۈرۈشكە تەييارلىنىش توغرىسىدا مۇراجىئەت قىلدى.

## 2. كىشىلەر نېمىشقا ئۈمىدسىزلەندى

بىرلىككە كەلتۈرۈشنىڭ «تۆھپىكارى»، ئىتتىپاق گېرمانىيىنىڭ زۇڭلىسى كول يېقىندا ئەسلىدىكى دېموكراتىك گېرمانىيە رايونىغا سايلام رىقابىتى پائالىيىتىگە قاتنىشىش ئۈچۈن بارغىنىدا، نەچچە ئونمىڭلىغان كىشىنىڭ قارشىلىقىغا ۋە ئېتىلغان پالاق تۇخۇم ۋە شوخلا زەربىسىگە ئۇچرىدى.

ئەسلىدىكى گېرمانىيىنىڭ ھاكىمىيەت بېشىدىكى پارتىيە بىرلىككە كېلىشتىن ئىبارەت بۇ تارىخىي پۇرسەتتىن پايدىلىنىشنى ئۆز پارتىيىسىنىڭ سايلام رىقابىتىدىكى ۋاستىسى قىلدى، شۇنىڭدەك بۇنىڭدىن بىرلىككە كېلىشكە قارىتا كېلىپ چىققان نورمالسىز ئەسەبىيلىك دەل ھەددىدىن زىيادە تېز بىرلىككە كېلىشكە ئېغىر «ئاسارەت» ئېلىپ كەلگەن مۇھىم سەۋەب بولدى، ھاكىمىيەت بېشىدىكى پارتىيىنىڭ ئاۋاز بېلىتىگە ئېرىشىش ئۈچۈن كېسىپ بەرگەن زور مىقداردىكى «قۇرۇق پۇل چېكى»نىڭ نەقلەشمىگىنى بولسا، تەبىئىي ھالدا سايلىغۇچىلارنى بىرلىككە كېلىشنى كۈتۈۋالغاندىن كېيىن ئۈمىدسىزلەندۈرۈپ قويدى.

بىر نەچچە ئاي ئىلگىرى، ھېچكىم ئىككى گېرمانىيە مۇنداق قىسقا ۋاقىت ئىچىدە بىرلىككە كېلەلەيدۇ، دەپ قارىماي، بىرلىككە كېلىشكە ئۈچ يىلدىن بەش يىلغىچە ۋاقىت كېتىدۇ، دەپ مۆلچەرلىگەنىدى، بىرلىككە كېلىش شەكلىگە قارىتا، كۆپ ساندىكى كىشىلەر ئالدى بىلەن ئىتتىپاقداشلىق (بىر خىل بىر قەدەر بوش فېدېراتسىيە تۈزۈمى دەپ چۈشىنىشكە بولىدۇ)نى ئىشقا ئاشۇرۇشنى ئىككى دۆلەتنى ئۆز ئارا ماسلاشتۇرۇشنىڭ ئۆتكۈنچى باسقۇچى قىلىپ، ئۇنىڭدىن كېيىن فېدېراتسىيىنى ئىشقا ئاشۇرۇش كېرەك، دەپ قارىغانىدى. قانۇن جەھەتتە دىپلوماتىيە مىنىستىرى گېنشېرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان نۇرغۇن كىشىلەر ئاساسىي قانۇن تۈزۈش مەجلىسى ئېچىپ، ئىككى دۆلەتكە باپ كېلىدىغان

ئاساسىي قانۇننى تۈزۈپ چىقىش كېرەك دەپ ھېسابلىغانىدى.

ئەمما، بۇ يىلىنىڭ ئاخىرىدا ئۆتكۈزۈلىدىغان فېدېراتسىيە چوڭ سايلىمىنى چوڭقۇر ھالدا تونۇۋاتقان ئەسلىدىكى غەربىي گېرمانىيە ئىتتىپاقداشلار پارتىيىسى ۋە ئۇنىڭ داھىسى كول ئۆزلىرىنىڭ ئوبرازىنى ئۆزگەرتىش، ئاۋاز بېلىتىگە ئېرىشىشنىڭ كەمدىن كەم ئۇچرايدىغان پۇرسىتى دەپ قارىدى. دېمەك، ئىككى گېرمانىيىنىڭ بىرلىككە كېلىشى ھەر قايسى پارتىيىلەرنىڭ بىر قېتىملىق «سايلام رىقابىتى چوڭ ئۇرۇشى»غا ئايلىنىپ قالدى.

بۇ يىل 3 - ئايدا ئۆتكۈزۈلگەن ئەسلىدىكى دېموكراتىك گېرمانىيە چوڭ سايلىمىدىن ئىلگىرىلا، بۇنىڭدىكى ھەر قايسى پارتىيىلەرنىڭ ۋەكىللىرى تاقەتسىزلىك بىلەن تېخى بىكار قىلىنمىغان دۆلەت چېگرىسىدىن ھالقىپ ئۆتۈپ، دېموكراتىك گېرمانىيىگە بېرىپ ھەر خىل سايلام رىقابىتى پائالىيەتلىرىگە قاتناشتى. كول زۇڭلى سايلام رىقابىتى يىغىلىشلىرىدا ئەسلىدىكى دېموكراتىك گېرمانىيە ئاھالىلىرىغا كۆپ قېتىم: ئىككى گېرمانىيىنىڭ تېزلىكتە بىرلىككە كېلىشى دېموكراتىك گېرمانىيە ئاھالىسىنى ناھايىتى تۇرغۇن نەپكە ئىگە قىلىدۇ. بىرلىككە كەلگەندىن كېيىن ئەسلىدىكى دېموكراتىك گېرمانىيىنىڭ ئىگىلىكىنى ناھايىتى تېز گۈللەندۈرگىلى بولىدۇ، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىشى كاپالەتكە ئىگە بولىدۇ، تۇرمۇشى تېزلىكتە باياشاتلىشىدۇ، دەپ ۋەدە قىلدى. كولنىڭ خىلمۇ خىل ۋەدىلىرى ھازىرقى ھالەتتىن نارازى بولۇپ تۇرغان دېموكراتىك گېرمانىيە ئاھالىسىدە بىرلىككە كېلىشكە قارىتا «گۈزەل» ئارزۇ پەيدا قىلدى، شۇنىڭ بىلەن يەنە گېرمانىيىنىڭ بىرلىككە كېلىشىگە قارىتا شىددەتلىك دولقۇن پەيدا قىلدى.

لېكىن، كول ھۆكۈمىتى بىرلىككە كەلتۈرۈشكە زادى قانچىلىك بەدەل تۆلەشكە توغرا كېلىدۇ، بىرلىككە كەلتۈرۈشكە كېرەكلىك بولغان زور خىراجەتنى زادى قانداق ھەل قىلىنىدۇ، دېگەنگە ئوخشاش جامائەتچىلىك ئەڭ كۆڭۈل بۆلۈۋاتقان بىر قاتار ئەمەلىي مەسىلىلەرگە نىسبەتەن «دومىنو قارتىسىنى ئېچىش»قا زادىلا جۈرئەت قىلالمايۋاتىدۇ، 40 نەچچە يىل ئوخشاش بولمىغان تەرەققىيات جەريانىنى بېسىپ ئۆتكەن ئىككى دۆلەتنىڭ بىرلىككە كەلگەندىن كېيىن ئىچكى قىسمىدىكى سىياسىي، ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي ۋە قانۇن قاتارلىق بىر قاتار تۈپ مەسىلىلەردىكى غايەت زور پەرقلەرنى قانداق قىلىپ ماسلاشتۇرغىلى بولىدىغانلىقىنى تولۇق مۆلچەرلىيەلمەيۋاتىدۇ ۋە ئورۇنلاشتۇرالمايۋاتىدۇ. ھازىر، گېرمانىيە شەكىل جەھەتتىكى بىرلىكنى ئىشقا ئاشۇردى، كول ۋە ئۇنىڭ ھاكىمىيەت بېشىدىكى پارتىيىسى بەلگىلىك مەقسەتكە يەتتى. لېكىن، سىياسىي ئەسەبىيلىك ئۆتۈپ كەتكەندىن كېيىن، كىشىلەر بىر قاتار ئەمەلىي مەسىلىلەرگە ئېنىق جاۋاب بېرىشنى ئارزۇ قىلاتتى، ئەمما ھاكىمىيەت بېشىدىكى پارتىيە تەييارلىقى يېتەرلىك بولمىغانلىقى ئۈچۈن، ئالدىراپ - تېنەپ بىرلىككە كېلىش كەلتۈرۈپ چىقارغان تۇرغۇن مەسىلىلەر ئالدىدا چارىسىز قالدى.

گېرمانىيىنىڭ بىرلىككە كەلتۈرۈشتىن ئىبارەت بۇ تارىخىي خاراكتېرلىك جىددىي ۋەقە ھەر قايسى پارتىيىلەرنىڭ بولۇشقا تېگىشلىك رىقابىتى ئامىلى قوشۇلۇپ، تولۇق تەييارلىق بولمىغان ئەھۋالدا ئالدىراش - تېنەش ئورۇنلانغانلىقتىن، بىر قاتار قىيىن مەسىلىلەرنى پەيدا قىلدى. خۇددى گېرمانىيە گېزىت ساھەسىدىكىلەر ئېيتقاندەك، ئىككى گېرمانىيىنىڭ بىرلىككە كېلىشى بىر قىسىم كىشىلەرنى خۇشال قىلدى. بىر قىسىم كىشىلەرنى خاپا قىلدى، تېخىمۇ كۆپ كىشىنى بولسا چوڭقۇر ئويغا سېلىپ قويدى.

# ماۋزېدۇڭ ۋە ئۇنىڭ كاتىپى تيەن جيايىڭ

پاڭ شيەنجى

(بېشى ئۆتكەن ساندا)

بىز شاڭخەيدىن شياۋشەنگە قايتىپ كەلدۇق، بۇ چاغدا ئەكشۇرۇش خىزمىتى ئاخىرلىشاي دەپ قالغانىدى. تيەن جيايىڭ ماۋزېدۇڭنىڭ پىكرىنى يەتكۈزمىدى. بۇ چاغدا مەھسۇلاتنى ئائىلىلەرگە كۆتۈرە بېرىش ئىشى مەملىكەت بويىچە تېز راۋاجلىنىشقا قاراپ يۈزلىنىۋاتقان، مەھسۇلاتنى ئائىلىلەرگە كۆتۈرە بېرىشنى يۇرگۈزۈش ساداسى كۈندىن - كۈنگە ئەۋجگە چىقىۋاتقان، پارتىيە ئىچىدە غۇلغۇلا بولۇۋاتقان مۇھىم مەسىلە بولۇپ قالغانىدى. بۇ مەسىلىنى يەنىمۇ ئېنىقلاش ئۈچۈن، تيەن جيا يىڭ ئىككى يولداشنى دەرھال ئەنخۇي ئۆلكىسىنىڭ ۋۇ ۋېي ناھىيىسىگە بېرىپ، مەھسۇلاتنى ئائىلىلەرگە كۆتۈرە بېرىش ئەھۋالىنى ئۇقۇپ كېلىشكە ئەۋەتتى. ئۇلارنىڭ ئەكشۇرۇش خۇلاسىسى ئومۇمەن مۇنداق ئىدى: مەھسۇلاتنى ئائىلىلەرگە كۆتۈرە بېرىش بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىغان كوللېكتىپ ئىگىلىكنى خەۋپتىن قۇتقۇزۇپ، ئىشلەپچىقىرىشنى تېزدىن ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە جەزمەن پايدىلىق ۋە زۆرۈر؛ لېكىن، بۇنداق قىلغاندا، كەلگۈسىدە يېزا ئىگىلىكىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ راۋاجلاندۇرۇش ئىشى چەكلىنىپ قېلىشى مۇمكىن.

بىز بېيجىڭغا قايتىپ كەلگەن چاغدا 6 - ئاينىڭ ئاخىرى بولۇپ قالغانىدى. بېيجىڭدا مەھسۇلاتنى ئائىلىلەرگە كۆتۈرە بېرىش توغرىسىدىكى سادالار بىزنىڭ تۆۋەندە ئاڭلىغانلىرىمىزدىن ئانچە پەرقلەنمەيتتى، بىراق بۇ ھەقتىكى گەپ - سۆزلەر نەزەرىيە ۋە سىستېما تۈسىنى ئالغان.

بېيجىڭغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، تيەن جيايىڭ دەرھال ليۇ شاۋچىغا دوكلات قىلدى. دوكلاتنى ئەمدىلا باشلىغاندا، ليۇ شاۋچى گېپىنى ئۈزۈۋەتتى. ليۇ شاۋچى: «ھازىر ئەھۋال ئايدىڭلىشىپ قالدى»، دېدى ۋە ئارقىدىنلا مەھسۇلاتنى ئائىلىلەرگە كۆتۈرە بېرىشنى يولغا قويۇش توغرىسىدىكى تەشەببۇسىنى ئوتتۇرىغا قويدى ھەمدە ھازىرقى ۋەزىيەت توغرىسىدىكى كۆزقاراشىنى تەپسىلىي ئېيتىپ ئۆتتى. تيەن جيايىڭ: «يولداش ليۇ شاۋچى، بۇ پىكرنى ماۋ جۇشىغا دوكلات قىلساق بولامدۇ؟» دەپ سورىۋىدى، ليۇ شاۋچى: «بولىدۇ» دەپ جاۋاب بەردى. ليۇ شاۋچى يەنە تيەن جيايىڭغا ئۆزىنىڭ بۇ پىكرىنى «زىيالىي» لار ئىچىدە غۇلغۇلا قىلىپ، ئۇلارنىڭ پىكرىنى ئاڭلاپ بېقىشنى تاپىلىدى. ئۇ ئېھتىيات قىلىش يۈزىسىدىن ۋە «زىيالىي» لارنىڭ ھەقىقىي پىكرىنى ئەينەن بىلىپ چىقىش ئۈچۈن، تيەن جيايىڭغا بۇ پىكىرلەرنىڭ ئۆزىنىڭ پىكرى ئىكەنلىكىنى ئېيتماسلىقنى تاپىلىدى. ئۇنىڭ ئارقىدىنلا، تيەن جيايىڭ دېڭ شياۋپىڭغا «يېزا ئىگىلىكىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش توغرىسىدىكى 10 چوڭ سىياسەت» ھەققىدىكى تەسەۋۋۇرىنى دوكلات قىلدى. دېڭ شياۋپىڭ كۆپ گەپ قىلماستىن، «قوشۇلىمەن» دەپ كېسىپلا ئېيتتى. تيەن جيايىڭ لايىھە تۈزۈپ چىقىش بەرزىسىنى دەرھال تەشكىل قىلدى. ئۇنىڭ يېتەكچى ئىدىيىسى مۇنداق ئىدى: يېزا ئىگىلىكىنى تېز ئەسلىگە كەلتۈرۈش ۋە راۋاجلاندۇرۇش ئۈچۈن، ھازىر پۈتۈن مەملىكەت بويىچە يېزىلاردا خىلمۇ خىل مۈلۈكچىلىك شەكىللىرى، جۈملىدىن كوللېكتىپ، يېرىم كوللېكتىپ مۈلۈكچىلىك شەكلى، مەھسۇلاتنى ئائىلىلەرگە كۆتۈرە بېرىش، يەرلەرنى بۆلۈپ يەككە ئىشلەشنى يولغا قويۇش لازىم. شۇنىڭ بىلەن بىرۋاقىتتا، تيەن جيايىڭ يەنە مەركىزىي كومىتېتنىڭ باشقا بىر نەچچە رەھبىرىي كىشىلىرىگە ئۆزىنىڭ ئۇقتىشىنەزەر ۋە تەشەببۇسلىرىنى بايان قىلىپ، ئۇلارنىڭ بىردەك قوشۇلۇشىغا ئېرىشتى.

ئىش ئوڭۇشلۇق بولغاندەك بولدى. لېكىن مەركىزىي كومىتېت مەھسۇلاتنى ئائىلىلەرگە كۆتۈرە بېرىشنى يولغا قويۇشنى بەلگىلەمدۇ، يوق، بۇ، يەنە بىر ئاچقۇچلۇق ئۆتكەلدىن، يەنى ماۋزېدۇڭنىڭ ماقۇللىقىدىن ئۆتۈشى كېرەك ئىدى. تيەن جيايىڭ بىر قەدەر ئىشەنچ باردەك ھېس قىلدى، چۈنكى مەركىزىي كومىتېت دائىمىي ھەيئەتلىرىنىڭ بىر قانچىسى مەھسۇلاتنى ئائىلىلەرگە كۆتۈرە بېرىشنى قوللايدىغاندەك تۇراتتى، ھېچ بولمىغاندىمۇ قارشى ئەمەس ئىدى؛ لېكىن ماۋزېدۇڭنىڭ ھازىر قانداق پوزىتسىيىدە ئىكەنلىكىنى بىلەلمەي بىر ئاز ئەنسىرەيتتى. ئۇ بۇنداق تەكلىپنى قويۇشنىڭ خەۋپلىك ئىكەنلىكىنى بىلەتتى، لېكىن ئۇ شەخسىي پايدا - زىيان بىلەن ھېسابلىشىپ ئولتۇرماي، ئاخىر كاتىپلىق سالاھىيىتى بىلەن ماۋ زېدۇڭغا ئېيتىشقا بەل باغلىدى. بۇ چاغدا ماۋزېدۇڭ خېبېي ئۆلكىسىنىڭ خەندەن رايونىدا خىزمەتلەرنى كۆزدىن كەچۈرۈۋاتاتتى، تيەن جيايىڭ ماۋزېدۇڭغا ئۇزۇن يوللۇق تېلېفون بېرىپ، يۈزتۇرانە

سۆزلىشىشىنى تەلەپ قىلدى. ئۇ ياقتىن كەلگەن تېلېفوندا: «جۇشى ئالدىرىماي تۇرسۇن!» دەيدۇ» دېيىلگەنىدى. بۇ گەپتىن، ماۋزېدۇڭنىڭ كۆڭلى پەرىشان ئىكەنلىكىنى سەل ـ پەل سەزدۇق.

ئارىدىن ئىككى كۈن ئۆتكەندىن كېيىن، ماۋزېدۇڭ بېيجىڭگە قايتىپ كېلىپ، تېيەن جيايىڭنى چاقىرتىپ، جۇڭنەنخەيدىكى سۇ ئۈزۈش كۆلى ياقىسىدا كۆرۈشتى. تېيەن جيايىڭ ئۆزىنىڭ پىكىر ۋە تەشەببۇسلىرىنى سىستېمىلىق بايان قىلدى. ئۇنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى مۇنداق: ھازىر مەملىكەتنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدا مەھسۇلاتنى «ئائىلىلەرگە كۆتۈرە بېرىش، يەرلەرنى ئائىلىلەرگە بۆلۈپ بېرىش» نىشىنى يولغا قويغان دېھقانلار 30% نى تەشكىل قىلىدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ ئەھۋال يەنە داۋاملىق تەرەققىي قىلىۋاتىدۇ. دېھقانلار ئىختىيارلىق بىلەن يولغا قويغاندىن كۆرە، رەھبەرلىكى بولغان ھالدا يولغا قويغان ياخشى. كەلگۈسىدە بۇنىڭ يولغا قويۇلۇشى نەتىجىسىدە مەھسۇلاتنى ئائىلىلەرگە كۆتۈرە بېرىش، يەرلەرنى بۆلۈپ يەككە ئىشلەش ئىشىنى يولغا قويغۇچىلار 40% كە يېتىشى مۇمكىن، قالغان 60% تى كوللېكتىپ ۋە يېرىم كوللېكتىپ بويىچە بولىدۇ. ھازىر مەھسۇلاتنى ئائىلىلەرگە كۆتۈرە بېرىش، يەرلەرنى بۆلۈپ يەككە ئىشلەشنى يولغا قويۇش ۋاقىتلىق تەدبىر، ئىشلەپچىقىرىش ئەسلىگە كەلگەندە، ئۇلارنى يېتەكلەشتىن كوللېكتىپ ئىگىلىك تەرەپكە باشلاش مۇمكىن.

ماۋ زېدۇڭ جىم ئولتۇرۇپ ئاڭلىدى، بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلمىدى. بۇ ئەھۋال لىيۇشاۋ چىنىڭ ئىچى كۆيۈنچلۈكلۈك قىلىپ، تېيەن جيايىڭنىڭ دوكلاتىنى بۆلۈۋېتىپ توختىماي سۆزلەپ، ئۆز پىكىرىنى ئايىماي دەۋېرىدىغان مىجەزى بىلەن تامامەن ئوخشىمايتتى. ئەڭ ئاخىردا، ماۋ زېدۇڭ تۇساتتىن تېيەن جيايىڭغا: سىزنىڭ تەشەببۇسىڭىز كوللېكتىپ ئىگىلىكنى ئاساس قىلىشمۇ، ياكى يەككە ئىگىلىكنى ئاساس قىلىشمۇ؟ دېگەن سوئالنى قويۇپ، تېيەن جيايىڭنى ئەمەلىيەتتە قويدى. بۇنداق تۇساتتىن سوئال قويۇلۇشىغا تېيەن جيايىڭدا قىلچە تەييارلىق يوق ئىدى. ماۋزېدۇڭ يەنە: «بۇ شەخسەن سىزنىڭ پىكرىڭىزمۇ، ياكى باشقىلارنىڭمۇ پىكرى بارمۇ؟» دەپ سورىدى. تېيەن جيايىڭ: «شەخسەن ئۆزەمنىڭ پىكرى» دەپ جاۋاب بەردى. بۇ چاغدا ماۋزېدۇڭ ئۆز پىكرىنى بىلدۈرمىدى. پوزىتسىيە بىلدۈرمەسلىكنىڭ ئۆزى بىر پوزىتسىيە ئىدى، بىراق پەقەت سۆز بىلەن ئىپادىلىمىگەن ـ خالاس.

تېيەن جيايىڭ سۇ ئۈزۈش كۆلىدىن قايتىپ كەلگەندە، ئۇنىڭ كەيپىياتى ياخشى ئەمەس ئىدى. ئۇ: «جۇشى ھەقىقەتەن دەھشەت ئىكەن» دېدى، بۇ يەردە ئۇ، ماۋجۇشى مەسىلىنى بەك كەسكىن قويۇپ، مېنى ئەمەلىيەتتە قويدى، دېمەكچى.

ماۋزېدۇڭ قارشى تەرەپنىڭ سۆزىنىڭ ئەجەللىك يېرىنى تۇتۇۋېلىپ، ئويلىغۇسىز مەسىلە قويۇپ، ئۇنى مۇيۇم ـ تۇيۇم قىلالماي، مەسىلىنىڭ ماھىيىتىدىن باش تارتالماي، ئۆزىنىڭ نۇقتىئىنەزەرىنى ئېنىق ئېيتىشقا مەجبۇر بولىدىغان قىلىپ قويۇشقا ماھىر ئىدى.

ئەتىسى ئىككىنچى كۈنى بولسا كېرەك. ماۋ زېدۇڭ مەجلىس ئاچتى، مەجلىسكە تېيەن جيايىڭ قاتناشتى، چېن بودامۇ بار ئىدى. ماۋ زېدۇڭ ئاخىرغىچە قىلدى، ئۇ تېيەن جيايىڭنى بېيجىڭغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن «60 ماددا» نى ئۆزەتمەي: قانداقتۇ مەھسۇلاتنى ئائىلىلەرگە كۆتۈرە بېرىش، يەرلەرنى بۆلۈپ يەككە ئىشلەش دېگەن نېمىلەر بىلەن بولۇپ كەتتى (ئاساسىي مەزمۇنى)، دەپ تەنقىد قىلدى. مەجلىستە ماۋزېدۇڭ چېن بودانى مەركىزىي كومىتېت ئۈچۈن كوللېكتىپ ئىگىلىكنى مۇستەھكەملەپ، يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشنى يەنىمۇ راۋاجلاندۇرۇش توغرىسىدىكى قارارنى تەييارلاپ چىقىشقا بەلگىلىدى.

ماۋزېدۇڭ خەلق گۇڭشېسى ھەققىدىكى «60 ماددا» نى بەكرەك ياخشى كۆرىدىغاندەك قىلاتتى. ئۇ: ئادەم سانى يەنىلا ئۆرۈنقىدەك، يەر يەنىلا شۇ يەرلەر، لېكىن «60 ماددا» بولغانلىقى ئۈچۈن، يېزىلارنىڭ ۋەزىيىتى باشقىچىلا بولۇۋاتىدۇ، دېگەن گەپنى كۆپ قېتىم ئېيتقانىدى. ئۇ، «60 ماددا» بارلىققا كەلدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئاساسىي ھېسابات بىرلىكى ئۆزگەرتىلدى، بۇنىڭ بىلەن يېزا مەسىلىسى، ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرىنى تەڭشەش جەھەتتىن ئېيتقاندا، ئاساسىي جەھەتتىن ھەل بولدى، دەپ قارايتتى. ئىشلەپچىقىرىش دۈينى ئاساسىي ھېسابات بىرلىكى قىلىش ماۋزېدۇڭنىڭ يېزا سىياسىتىنى تەڭشەشنىڭ ئەڭ ئاخىرقى چېكى ئىدى، ئەگەر يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا تەڭشەپ، مەھسۇلاتنى ئائىلىلەرگە كۆتۈرە بېرىش دېگەندەك نېمىلەر يولغا قويۇلسا، ئۇنىڭ قارىشىچە، بۇ كاپىتالىزم يولىدا ماڭغانلىق بولاتتى.

ئارىدىن ئۇزاق ئۆتمەي، يەنى 8 ـ ئاينىڭ باشلىرىدا، ماۋ زېدۇڭ بېيدەيخېدا مەركىزىي كومىتېتنىڭ خىزمەت يىغىنىنى چاقىرىپ، سىنىپ مەسىلىسى، ۋەزىيەت مەسىلىسى، زىددىيەت مەسىلىسى ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش مەسىلىلەرنى ئوتتۇرىغا قويدى، بۇ كۆپچىلىككە ئايان.

مەھسۇلاتنى ئائىلىلەرگە كۆتۈرە بېرىشنى تەنقىد قىلىش بېيدەيخې يىغىنىنىڭ ئاساسىي مەزمۇنىنىڭ بىرى ئىدى. ئۇ «سىنىپىي كۈرەشنى يېتەكلەشتىن ئوتتۇرىغا قويۇش» نىڭ بىۋاسىتە سەۋەبچىسى ئىدى. ماۋزېدۇڭ بۇ مەسىلىنى پرولېتارىيات دىكتاتۇرىسىنى يۈرگۈزۈش كېرەكمۇ ياكى بۇرژۇئازىيە دىكتاتۇرىسىنى يۈرگۈزۈش كېرەكمۇ؟ سوتسىيالىزم يولىدا مېڭىش كېرەكمۇ،

ياكى كاپىتالىزم يولىدا مېڭىش كېرەكمۇ؟ دېگەن مۇشۇنداق سىياسىي يۈكسەكلىككە كۆتىرىپ قويغانىدى. ئۇنىڭ قارىشىچە، مەھسۇلاتنى ئائىلىلەرگە كۆتۈرە بېرىش يولغا قويۇلسا، بىر يىلغا قالمايلا سىنىپىي بۆلۈنۈش ئەۋج ئېلىپ كېتەتتى. ئۇ سىنىپىي بۆلۈنۈش ئەھۋالىنى مۇنداق تەسۋىرلەيدۇ: «بىر تەرەپتىكىلەر خىيانەتچىلىك، جازانىخورلۇق قىلىدۇ، يەر سېتىۋالىدۇ، كىچىك خوتۇن ئالىدۇ، بۇنداقلار كومپارتىيە ئەزالىرى ۋە كومپارتىيىنىڭ ياچېيكا شۇجىلىرىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ؛ يەنە بىر تەرەپتىكىلەر ۋەيران بولىدۇ، بۇنداقلار تۆت خىل ئائىلە تەۋەلەر (ئارمىيە، ئىشچى، ئىنقىلابىي قۇربانلار، كادىرلار ئائىلە تەۋەلىرى)، بەش جەھەتتە كاپالەتلىك قىلىنىدىغان ئائىلىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.» (1962 ـ يىل 8 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى مەركىزىي كومىتېتنىڭ خىزمەت يىغىنى يادرو گۇرۇپپىسىدا قىلىنغان سۆز).

ماۋ زېدۇڭ ئۆزىنىڭ يېزا ئىگىلىكىنى كوپېراتسىيىلەشتۈرۈش مەزگىلىدە شەكىللەنگەن ھېلىقى ئىدىيىسى يەنى: جۇڭگو يېزىلىرىدا، ئىككى يول ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت ئاساسەن ھاللىق دېھقانلار بىلەن كەمبەغەل دېھقانلار ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت بولۇپ ئىپادىلىنىدۇ. ھاللىق دېھقانلارنى ئىككى تەرەپ ئوخشاشلا قولغا كەلتۈرمەكچى بولىدۇ، پرولېتارىيات ئۇلارنى قولغا كەلتۈرمەكچى بولىدۇ، بۇرژۇئازىيىمۇ ئۇلارنى قولغا كەلتۈرمەكچى بولىدۇ. بۇ كۈرەش بىر قانچە 10 يىل، يۈز يىل داۋام قىلىشى، پۈتۈن تارىخىي دەۋرگە سىڭىشى مۇمكىن، دېگەن ئىدىيىدە چىڭ تۇراتتى.

پرولېتارىيات ھاللىق دېھقانلارنى نېمىگە تايىنىپ قولغا كەلتۈرىدۇ؟ ماۋزېدۇڭنىڭ قارىشىچە، ئەمگەككە قاراپ تەقسىم قىلىشنى يولغا قويۇشقا تايىنىپ قولغا كەلتۈرىدۇ. ئۇ مۇنداق دەيدۇ: «بىز كەمبەغەل دېھقان ۋە تۆۋەن ئوتتۇرا دېھقانلارغا ۋەكىللىك قىلىمىز، بىر قىسىم ھاللىق دېھقانلارغىمۇ ۋەكىللىك قىلىمىز، شۇنىڭ ئۈچۈن ئەمگەككە قاراپ تەقسىم قىلىشنى يولغا قويۇشىمىز كېرەك، تەڭ تەقسىم قىلىش بەك كۆپ بولۇپ كەتسە بولمايدۇ.» (8 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈندىكى سۆز)، ئۇ يەنە مۇنداق دەيدۇ: «تەڭ تەقسىماتچىلىقنى پۈتۈنلەي يوق قىلىپ، ئالايلۇق، ئاساسىي ئوزۇقلۇق ئاشلىقنى، ئېتىبار بېرىشنى يوق قىلىپ، يالغۇز ئەمگەككە قاراپ تەقسىم قىلىشنى يولغا قويۇش، ھاللىق تەبىقىنى قولغا كەلتۈرۈش بىلەنلا بولۇپ كېتىپ، بىزنىڭ بەش جەھەتتە كاپالەتلىك قىلىنىدىغان ئائىلىلەر، قىيىنچىلىقى بار ئائىلىلەر، ئارمىيە، ئىشچىلار، ئىنقىلابىي قۇربانلارنىڭ ئائىلە تەۋەلىرى بىلەن كارىمىز بولماي تاشلىۋەتسەكمۇ بولمايدۇ. ئۇلار بىزنىڭ يېزىلاردىكى تايانچىمىز دۇر.» (8 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈندىكى سۆز).

ئاز ـ تولا تەڭ تەقسىماتچىلىق قىلىش — بۇنىڭدا نامرات دېھقانلار كۆزدە تۇتۇلغان؛ مەلۇم دەرىجىدە ئەمگەككە قاراپ تەقسىم قىلىشنى يولغا قويۇش — بۇنىڭدا ھاللىق دېھقانلارنى قولغا كەلتۈرۈش ۋە ئۇلار بىلەن ئىتتىپاقلىشىش كۆزدە تۇتۇلغان. بۇ يەردە ماۋزېدۇڭ ئەمگەككە قاراپ تەقسىم قىلىشنى يولغا قويۇش ئارقىلىق دېھقانلار بىلەن ئىتتىپاقلىشىشنى مەقسەت قىلماي، ئاساسەن بىر قىسىم ھاللىق دېھقانلارنى قولغا كەلتۈرۈش ۋە ئۇلار بىلەن ئىتتىپاقلىشىشنى مەقسەت قىلىدۇ. دەپ قارىغان، روشەنكى، بۇ بىر تەرەپلىمە، ناتوغرا نۇقتىئىنەزەر ئىدى، بۇ نۇقتىئىنەزەر ئۇنىڭ تەڭ تەقسىماتچىلىق نۇقتىئىنەزىرىنى خېلى ئېنىق ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرەتتى. ئۇ، بىر تەرەپتىن، تېخىمۇ كۆپ كىشىلەرنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئاكتىپلىقىنى قوزغاش ئۈچۈن، تەڭ تەقسىماتچىلىققا قارشى تۇرۇپ، ئەمگەككە قاراپ تەقسىم قىلىشنى تەشەببۇس قىلسا، يەنە بىر تەرەپتىن، «سىنىپىي بۆلۈنۈش» كېلىپ چىقماسلىقنى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا نامراتلار تەبىقىسىنىڭ ئاساسىي تۇرمۇش ئېھتىياجىغا كاپالەتلىك قىلىشنى كۆزلەپ، تەڭ تەقسىماتچىلىقنى قىسمەن ساقلاپ قېلىشنى تەشەببۇس قىلاتتى. ئۇ ئۆمرىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدە، ھامان ھەم ئاممىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئاكتىپلىقىنى قوزغىيالايدىغان، ئىشلەپچىقىرىشنى راۋاجلاندۇرۇشقا پايدىلىق بولغان، ھەم «سىنىپىي بۆلۈنۈش» نىڭ ئالدىنى ئالغىلى بولىدىغان، «ئىجتىمائىي ئادىللىق» قا كاپالەتلىك قىلغىلى بولىدىغان بىر بىرلەشمە نۇقتىنى تېپىپ چىقىشقا ئۇرۇنغانىدى. ماۋ زېدۇڭنى ئىشلەپچىقىرىشنى راۋاجلاندۇرۇشقا كۆڭۈل بۆلمەيتتى، دېگىلى بولمايدۇ. جۇڭگونىڭ نامرات ـ قالاق قىياپىتىنى ئۆزگەرتىپ، جۇڭگونى سانائەتلەشكەن، يۈكسەك زامانىۋى مەدەنىيەت سەۋىيىسىگە ئىگە قۇدرەتلىك سوتسىيالىستىك مەملىكەت قىلىپ قۇرۇپ چىقىشنى ماۋزېدۇڭ ئوتتۇرىغا قويغان ۋە شۇ يولدا تىرىشىپ كۈرەش قىلغان. لېكىن، ئەگەر ئىشلەپچىقىرىشنى راۋاجلاندۇرۇش بىلەن «ئىككى قۇتۇپقا بۆلۈنۈش» نىڭ ئالدىنى ئېلىپ «ئىجتىمائىي ئادىللىق» نى ئىشقا ئاشۇرۇشنى تارازىنىڭ ئىككى بېشىغا ئوخشاتساق، ماۋزېدۇڭ ھامان تارازا تېشىنى تارازىنىڭ كېيىنكى بېشىغا كۆپرەك سالاتتى.

ماۋ زېدۇڭ يۇقىرىدىكى يىغىندىن كېيىنلا چاقىرىلغان 8 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتنىڭ 10 ـ ئومۇمىي يىغىنىدا، سىنىپىي كۈرەشنى «ھەر يىلى تەكىتلەش، ھەر ئايدا تەكىتلەش» نى ئوتتۇرىغا قويدى. لېكىن، ئۇ لۇشەن يىغىنىدىن كېيىنكى ساۋاقنى كۆزدە تۇتۇپ، بۇ قېتىم مۇنداق دەپ ئالاھىدە تاپىلىدى: «ھەرگىز سىنىپىي كۈرەشنى دەپ خىزمىتىمىزگە دەخلى يەتكۈزۈپ قويماسلىقىمىز كېرەك.» «خىزمەتنى بىرىنچى

ئورۇنغا قويۇش، سىنىپىي كۈرەش خىزمەت بىلەن تەڭ مېڭىشى، ئۇنى بەك مۇھىم ئورۇنغا قويماسلىق، سىنىپىي كۈرەش خىزمىتىمىزگە كاشىلا قىلماسلىقى كېرەك». لىۋ شاۋچى ۋە مەركىزىي كومىتېتنىڭ باشقا رەھبەرلىرىمۇ بۇنى ئەكىتلىدى. شۇنداق قىلىپ، خەلق ئىگىلىكىنى تەڭشەش ۋە ئەسلىگە كەلتۈرۈش خىزمىتىنىڭ ئارتۇقچە كاشىلىغا يولۇقماي، داۋاملىق ئېلىپ بېرىلىشىغا ئىمكانىيەت تۇغۇلدى.

تيەن جيايىڭ بېيدەيخې يىغىنىغا خامۇش كەيپىياتتا قاتناشتى. بىرىنچى قېتىملىق لۇشەن يىغىنىدا پارتىيە ئىچىدە بولۇپ ئۆتكەن ھېلىقى دەھشەتلىك كۈرەشنى باشتىن كەچۈرگەن تيەن جيايىڭنىڭ بۇچاغدا يەنە قانداق ئىشلار چىقاردەپ كۆڭلى دەككە - دۈككە بولۇشى تەبىئىي ئىدى. ئەمما، ئەھۋال ياخشى بولدى، ئۇ تەسەۋۋۇر قىلغاندەك ئېغىر ئەمەس ئىدى، ماۋزېدۇڭ پەقەت كىچىك دائىرىدىلا ئۇنى ئىسمىنى ئاتاپ ئىككى قېتىم تەنقىد قىلدى. بىر قېتىم قاتتىقراق تەنقىد قىلغانىدى، لىۋ شاۋچى پارتىيە ئىچىدە قانداق پىكىر بولسا، ئوتتۇرىغا قويۇشقا بولىدىغۇ، دېگەندەك بىر نەچچە ئېغىز سۆز قىلىۋىدى، ئىبىسقىپ قالدى. بىرىنچى قېتىملىق لۇشەن يىغىنىدىمۇ مۇشۇنداق ئەھۋال بولغانىدى. بىراۋ يىغىندا تيەن جيايىڭنى پاش قىلىۋىدى، لىۋ شاۋچى توسۇۋالدى. شۇڭا تيەن جيايىڭ لىۋ شاۋچىنى باشتىن - ئاخىر ھۆرمەت قىلاتتى ۋە ئۇنىڭدىن مىننەتدار ئىدى. ئەلۋەتتە، ئۇنىڭ لىۋ شاۋچىنى ھۆرمەتلىشى ھەرگىز مۇشۇ ئىككى ئىش ئۈچۈنلا ئەمەس ئىدى.

تيەن جيايىڭنىڭ ئويلىغان يېرىدىن چىققىنى شۇكى، 10 - ئومۇمىي يىغىننىڭ ئەڭ ئاخىرقى كۈنىدىكى ئومۇمىي مەجلىستە مەركىزىي كومىتېتنىڭ بىر نەچچە رەھبىرىي كىشىسىنىڭ «يەككە ئىشلەش شامىلى» ئۈستىدىكى تەنقىدى ئىچىدە، ماۋزېدۇڭنىڭ مۇقامى ئۆزگەرگەن بولدى، ئەكسىنچە، باشقىلارنىڭ ماۋزېدۇڭنىڭكىدىن يۇقۇرىراق بولدى. ئەينى ۋاقىتتىكى ئۇقۇقانلىرىم ۋە كۆزىتىشىم، شۇنىڭدەك يېقىندا يىغىن خاتىرىسىنى كۆرۈپ چىقىشىمغا ئاساسەن، مېنىڭچە، يىغىنغا قاتناشقان كىشىلەر — مەركىزىي كومىتېتتىن تارتىپ ھەر قايسى ئۆلكە - شەھەرلەرنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرىغىچە — ھەممىسى ماۋزېدۇڭ ئوتتۇرىغا قويغان پىكىر ۋە نەزەرىيىلەرگە ئىشىنەتتى ۋە قايىل ئىدى، ھەمدە ئۇ نەزەرىيىنى ئىگىلەيتتى؛ مەركىزىي كومىتېتتىكى بەزى رەھبەرلەرنىڭ يىغىندا قىلغان سۆزى سەممىي ئىدى. بۇ ماۋزېدۇڭنىڭ بىر خىل خىزمەت ئۇسلۇبى ۋە رەھبەرلىك سەنئىتىنىمۇ ئەكس ئەتتۈردى. ماۋزېدۇڭ ئۆزى خاتا، خاھىش دەپ قارىغان مەسىلىنى تۈزىتىدىغان چاغدا، ئومۇمەن، دەسلەپتە، كۆپىنچە، كىشىلەرگە قاتتىق خىتاب قىلىپ، چۆچۈتۈپ، سەگەكلەشتۈرۈپ، تەرلىتىۋېتەتتى.

مەسىلە ئاساسىي جەھەتتىن ھەل بولۇپ، توغرىلىق بىلەن خاتالىق ئوتتۇرىسىدىكى پىكىر - پىكىرلەش مەسىلىسى ئايرىلغان چاغدا، ئۇ، كۆپ ھاللاردا، ئىنتىپاقلىققا كۆپرەك ئەھمىيەت بېرىپ، سىياسەتكە دىققەت قىلىشنى تەكىتلەيتتى. بۇ ھال ئۇ دائىم دەيدىغان «بىر چىڭىتىپ، بىر بوشىتىش» دېگەن داۋالىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

تيەن جيايىڭنىڭ ماۋزېدۇڭغا مەسئۇلاتنى ئائىلىلەرگە كۆتۈرە بېرىش توغرىسىدا تەكلىپ بېرىشى، مەيلى مەزمۇن ياكى تەشكىلىي پىرىنسىپ جەھەتتىن ئېيتقاندا بولسۇن، ئەيىبلىگۈدەك ئىش ئەمەس ئىدى. لېكىن بۇ ئەقىلگە مۇۋاپىق تەكلىپ قوبۇل قىلىنمايلا قالماستىن، ئەكسىنچە، ئۇلار ئوتتۇرىسىدا يەنە بىر قېتىم سىياسىي ئارازىلىق پەيدا قىلدى. يەنە كېلىپ بىر قېتىملىق ئىپتىمۇ زور ئارازىلىق پەيدا قىلدى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن، تيەن جيايىڭ ئاستا - ئاستا ماۋزېدۇڭنىڭ ئىشەنچىسىدىن ئايرىلىپ قالدى.

ماۋ زېدۇڭ بىلەن ھەمىشە ئۇچرىشىدىغان كىشىلەر بىلىدۇكى، ماۋ زېدۇڭ كۆڭلى نازۇك ئادەم ئىدى، ئومۇمەن ئۇنىڭغا ياردەم قىلغۇچىلارنى ھامان ئۇنتۇمايتتى، ھامان ئۆز ھەرىكىتى بىلەن رەھمەت ئېيتاتتى. لېكىن، كىمكى چوڭ سىياسىي مەسىلىلەردە، يەنى ئۇنىڭ قارىشىچە لۇشيەن مەسىلىسىدە، ئۆزى بىلەن ماۋزېدۇڭ ئوتتۇرىسىدا ئىختىلاپ تۇغۇلۇپ قالسا، ئۇنىڭ ماۋ زېدۇڭنىڭ بۇرۇنقىدەك ئىشەنچىسىگە ئېرىشىشى ناھايىتى تەس ئىدى. ماۋ زېدۇڭمۇ بۇنى ئىسىدىن كۆتۈرىۋەتمەيتتى.

8 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتنىڭ 10 - ئومۇمىي يىغىنىدىن ئېتىبارەن، ماۋ زېدۇڭنىڭ ئىچكى سىنىپىي كۈرەشنىڭ ۋەزىيىتى ئۈستىدىكى مۆلچەرى بارغانسېرى ئېغىرلىشىپ باردى، ئۇنىڭ «سول» چىللىق ئىدىيىسى كۈندىن - كۈنگە راۋاجلىنىپ باردى، بۇ ھال ئاخىر بېرىپ «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» نىڭ كېلىپ چىقىشىغا سەۋەبچى بولدى. ئۇنىڭ يېزا خەلق گۇڭشېلىرىنىڭ تۈزۈلمىسىنى تەڭشىشىمۇ ئاخىرلاشقان بولدى، شۇ چاغدا ئۇ، يېزىلاردىكى ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرى جەھەتتىكى مەسىلە ھەل بولدى، ئەمدى مۇھىم نۇقتىنى سانائەتنىڭ يېزا ئىگىلىكىگە ياردەم بېرىشى جەھەتكە قويۇش، بولۇپمۇ سىنىپىي كۈرەشنى تۇتۇش جەھەتكە قويۇش كېرەك، دەپ قارىدى. ئۇنىڭدىن كېيىن، پۈتۈن مەملىكەت مىقياسىدا يېزىلاردىكى سوتسىيالىستىك تەربىيە ھەرىكىتى (قىسقارتىپ «تۆتنى تازىلاش» ھەرىكىتى دەپ ئاتالدى) قانات يايدۇرۇلدى.

تيەن جيايىڭ ماۋزېدۇڭنىڭ ئىشەنچىسىدىن ئايرىلىپ قالغاندىن كېيىن، ئىدىيىۋى ئازاپقا قېلىپ، ھەمىشە: «ئاقىللار سىرداش دوستىدىن جېنىنىمۇ ئايىمايدۇ» دەيتتى، ئۇ چۈشىنىشكە ئىگە

بولالمىغانلىقى ئۈچۈن جۇڭنەنخەيدىن چىقىپ كېتىش خىيالىدا بولغانىدى. ئۇ تۆۋەنگە بېرىپ ناھىيىلىك پارتكوم شۇجىسى بولۇپ، ئاز تولا تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىپ، سوتسىيالىزمنى قانداق قۇرۇشنى تەتقىق قىلىش، شۇنىڭدەك ھەقىقىي تۈردە خەلق ئۈچۈن ئاز - تولا ئەمەلىي خىزمەت قىلىش ئويىدا بولدى. ئۇ رەپىقىسى دۇڭ بيەن بىلەن مەسلىھەتلىشىپ ئۇنىڭ قوللىشىغا ئېرىشتى. دۇڭ بيەن مۇنداق دېگەن: «سىزنىڭ بۇ يەردىن ئايرىلىپ چىقىپ كېتىشىڭىزگە رۇخسەت قىلىنسا، سىزنىڭ بېرىشىڭىزغا قوشۇلىمەن، سىز ناھىيىلىك پارتكوم شۇجىسى بولسىڭىز، مەن ناھىيىلىك ئاياللار بىرلەشمىسىگە مۇدىر بولىمەن.» تيەن جيايىڭ مېنىڭدىن مېنىڭ ئۇنىڭ بىلەن بىللە بېرىشنى خالاش - خالىماسلىقىمنى سورىغاندا، مەن ماقۇل بولغانىدىم. مەنمۇ ئۆزەم ئۇزاق مەزگىل مەركىزىي كومىتېت ئورگىنىدا ئولتۇرۇپ ئىشلىدىم، تۆۋەنگە بېرىپ ئەمەلىي خىزمەت ئىشلىشىم، ئەمەلىيەتتە چېنىقىشىم لازىم دەپ ئويلايتتىم، تيەن جيايىڭ تەتقىقات خىزمىتى ئىشلەش — چىڭ سۇلالىسى تارىخىنى تەتقىق قىلىش ئويىدىمۇ بولغان ھەمدە بۇ تەلىپىنى ماۋزېدۇڭغا ئېيتىپ، جۇڭنەنخەيدىن چىقىپ كېتىش ئۈمىدىنى بىلدۈرگەن. ماۋ زېدۇڭ: «ھە —، سىزمۇ كىتابۋازلىق قىلماقچى بولۇپسىزدە!» دەپ، ئۇنىڭ تەلىپىگە پەسەنت قىلمىغان. ماۋ زېدۇڭ تيەن جيايىڭغا ئانچە ئىشەنمەيدىغان بولۇپ قالغان بولسىمۇ، لېكىن خىزمەتتە ئۇنىڭغا مۇھتاج ئىدى، شۇڭا ئۇنى قويۇۋەتمەي، ئۆز يېنىدا تۇتۇپ كەلدى.

## 14. «قوش 10 ماددا»

10 - ئومۇمىي يىغىندىن كېيىن، پۈتۈن مەملىكەتنىڭ يېزىلىرىدا سوتسىيالىستىك تەربىيە ئارقىمۇ ئارقا قانات يايدۇرۇلدى، 1963 - يىل 2 - ئايدا، ماۋ زېدۇڭ مەركىزىي كومىتېتنىڭ خىزمەت يىغىنىنى چاقىردى، بۇ يىغىننىڭ كۈنتەرتىپلىرىنىڭ بىرى يېزا سوتسىيالىستىك تەربىيىسى مەسىلىسىنى مۇھاكىمە قىلىشتىن ئىبارەت ئىدى. بۇ قېتىمقى يىغىندا، يېزىلاردا «تۆتنى ئېنىقلاش» ئىشىنى ئېلىپ بېرىپ، كەمبەغەل دېھقان ۋە تۆۋەن ئوتتۇرا دېھقانلار قوشۇنىنى تەشكىل قىلىش، شەھەرلەردە «بەشكە قارشى تۇرۇش» نى ئېلىپ بېرىش، شۇنىڭدەك پارتىيە ئىچىدە شيۇجېڭجۇيىغا قارشى تۇرۇش مەسىلىسى ئوتتۇرىغا قويۇلدى.

1963 - يىل 5 - ئايدا، ماۋزېدۇڭ خاڭجۇدا سىياسىي بيۇرونىڭ بىر قىسىم ئەزالىرى ۋە چوڭ رايونلارنىڭ شۇجىلىرى قاتناشقان كىچىك تىپتىكى بىر يىغىننى چاقىردى، يىغىندا قارىلىدىغان مەركىزىي مەسىلە يېزىلاردىكى سوتسىيالىستىك تەربىيە مەسىلىسى ئىدى. ئۇ ئۆزى رىياسەتچىلىك قىلىپ «ھازىرقى يېزا خىزمىتىدىكى بىر قانچە مەسىلە توغرىسىدىكى قارار (لايىھە)»، يەنى «ئاۋۋالقى 10 ماددا» نى تۈزۈپ چىقتى. بۇ، «سىنىپىي كۆرەشنى تۇتقا قىلىش» روھىنى ئىزچىللاشتۇرىدىغان، يېزا سوتسىيالىستىك تەربىيىسىگە يېتەكچىلىك قىلىدىغان پروگراممىلىق خاراكتېرلىق ھۆججەت ئىدى.

«فېۋرال» يىغىنىمۇ، «ماي» يىغىنىمۇ تيەن جيايىڭغا قاتنىشىشقا ئۇقتۇرۇش قىلىنمىدى. ئەلۋەتتە، ئۇنىڭ «ئاۋۋالقى 10 ماددا» نى تەييارلاش ئىشىغا قاتنىشىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. بۇنى ئۇنىڭ بۇنىڭدىن ئىككى يىل ئىلگىرىكى گۇاڭجۇ يىغىنىدا «60 ماددا» نى تۈزۈش ئىشىغا قاتناشتۇرۇلغان چاغدىكىدەك ئىشەنچ ۋە ئېتىبارلاپ ئىشلىتىلىشكە ئىگە بولغانلىقىدەك ئەھۋالغا سېلىشتۇرغىلى بولمايدۇ.

سىنىپ ۋە سىنىپىي كۆرەش مەسىلىسىنىڭ ئېغىرلاشتۇرۇپ ئوتتۇرىغا قويۇلغانلىقىغا تيەن جيايىڭنىڭ ئىزچىل پىكرى بار ئىدى. ئېسىمدە قېلىشىچە، 1961 - يىلى جېجياڭدا تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىلغان چاغدا، بەزىلەر ئىشلەپچىقىرىش كۆرۈنۈشىدىمۇ سىنىپىي كۆرەش بولىدۇ دېگەندە، تيەن جيايىڭ بۇ نۇقتىنەزەرگە قوشۇلمىغانىدى. «60 ماددا» نى تۈزۈش ۋاقتىدا بەزىلەر ئۇنىڭغا كەمبەغەل دېھقانلار ئۆمىكى مەسىلىسىنى كىرگۈزۈپ قويۇشنى تەشەببۇس قىلغاندا، تيەن جيايىڭ ئۇنىمۇ ياقتۇرمىغانىدى. شۇ چاغدا تيەن جيايىڭ ماڭا ئوتتۇرا دېھقانلار مەسىلىسىنى مەخسۇس تەكشۈرۈپ چىقىشنى ئېيتقانىدى، دەسلەپتە بۇ مەسىلىنىڭ ئەھمىيىتىنى چۈشەنمىگەنىدىم. ئەمەلىيەتتە بۇ دەل كىشىلەر تەرىپىدىن ئېتىبارغا ئېلىنماي كېلىۋاتقان مۇھىم بىر مەسىلە ئىدى. تيەن جيايىڭ بۇ مەسىلىنى ئىشلەپچىقىرىشنى راۋاجلاندۇرۇش نۇقتىسىدىن ئوتتۇرىغا قويغان ھەمدە مەركىزىي كومىتېتنىڭ ئۇنىڭغا ئەھمىيەت بېرىشىنى ئىلتىماس قىلغانىدى.

ماۋ زېدۇڭ 1963 - يىل 5 - ئايدىكى يىغىندا تەنقىدىي تەرزدە مۇنداق دېگەنىدى: «1961 - يىلى ‹60 ماددا› نى تۈزۈشتە ئۇنىڭدا سىنىپىي قوشۇن مەسىلىسى گەۋدىلەندۈرۈلمىدى، كىمگە تايىنىش مەسىلىسىگە ئوبدان كۆڭۈل بۆلۈنمىدى.» ئەلۋەتتە: «60 ماددا» غا سىنىپىي قوشۇننى تەشكىل قىلىش مەسىلىسىنى يازماسلىق تيەن جيايىڭنىڭ قولىدىن كېلىدىغان ئىش ئەمەس ئىدى، لېكىن ئۇنىڭ بىلەن مۇناسىۋىتى يوق دېگىلىمۇ بولمايدۇ. مېنىڭ سېزىشىمچە، سوتسىيالىزم دەۋرىدىكى سىنىپ ۋە سىنىپىي كۆرەشكە مۇئامىلە قىلىش مەسىلىسىدە، 1961 - يىلى ياكى ئۇنىڭدىنمۇ بۇرۇن تيەن جيايىڭ بىلەن ماۋزېدۇڭ ئوتتۇرىسىدا ئەمەلىيەتتە بىر قەدەر روشەن پەرق بار ئىدى. بۇ، تيەن جيايىڭ سوتسىيالىزم دەۋرىدە

سىنىپىي كۈرەش يەنە مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدىغانلىقىنى ئىنكار قىلالىتتى، دېگەنلىك ئەمەس، بەلكى ئۇ سىنىپىي كۈرەشنى ئۇنچىۋالا ئېغىر دەپ قارىمايتتى، ئۇنىڭ ئۆز سۆزى بىلەن ئېيتقاندا، «ھەممىنلا سىنىپىي كۈرەش دەپ قارىغىلى بولمايتتى.» «ئاۋۋالقى 10 ماددا» دا مۇنداق سۆزلەر بار ئىدى: «كەمبەغەل دېھقان، ئوتتۇرا دېھقانلارغا يۆلىنىش — پارتىيىنىڭ ئۇزاققىچە يۈرگۈزۈدىغان سىنىپىي لۇشيەنى. سوتسىيالىزمنىڭ پۈتكۈل تارىخىي باسقۇچىدا، تاكى كوممۇنىزمغا كىرىپ بولغىچە يېزىلاردا سوتسىيالىستىك ئۆزگەرتىش ۋە سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش ئېلىپ بېرىشتا، ئىشلەپچىقىرىشنى راۋاجلاندۇرۇشتا، ئۇلارغا يۆلەنمەي، كىمگە يۆلىنىمىز؟». تيەن جيايىڭ بۇ سۆزگە پىسەنت قىلماي، بۇ چۈشىنىكسىز سۆز، سىنىپىي تەركىبمۇ مىراس قالامدۇ؟ دېگەنىدى. ئەپسۇسكى، ئۇنىڭ بۇ پىكرى ناھايىتى تېزلا بەزىبىر «سول» چىل ئۇقۇشنى زەردىكى كىشىلەرنىڭ قولىقىغا يېتىپ قەپتىكەن، ئۇلار بۇنى خاتا ئۇقتىشنى زەر دەپ تەنقىد قىلغان.

«ئاۋۋالقى 10 ماددا» چىقىرىلغاندىن كېيىن، جايلاردا ھۆججەتنىڭ روھىغا ئاساسەن سوتسىيالىستىك تەربىيىنى ئۇقتىدا سىناق قىلىش خىزمىتى قانات يايدۇرۇلدى. ئۇقتىدا سىناق قىلىش داۋامىدا، زەربە بېرىش دائىرىسىنى كېڭەيتىۋېتىش، سىياسەت چېكىنى ئارىلاشتۇرۇۋېتىشتەك «سول» چىل خاھىش ئومۇميۈزلۈك يۈز بەردى. بۇ ھال جايلارنىڭ ماتېرىياللىرىدا ئىنكاس قىلىندى. بۇ ئەھۋالغا ئاساسەن، 1963 - يىلى 9 - ئايدا ئېچىلغان مەركىزىي كومىتېتنىڭ خىزمەت يىغىنى مەزگىلىدە، دېڭ شياۋپىڭ بىلەن تەن جېنلىننىڭ رىياسەتچىلىكىدە «يېزىلاردىكى سوتسىيالىستىك تەربىيە ھەرىكىتىدىكى بەزىبىر كونكرېت سىياسەت مەسىلىلىرى توغرىسىدىكى قارار (لايىھە)» يەنى «كېيىنكى 10 ماددا» تۈزۈپ چىقىلدى. تيەن جيايىڭ بۇنى ئاساسلىق تۈزگۈچىلەردىن بىرى ئىدى، مەن ئۇنىڭ ياردەمچىسى بولۇش سۈپىتىم بىلەن ھۆججەتنى تۈزۈپ چىقىش ئىشىغا قاتناشتىم. ئەمدى قارايدىغان بولساق، بۇ ھۆججەت (لايىھە) دە مەسىلە يوق دېگىلى بولمايدۇ، چۈنكى سوتسىيالىستىك تەربىيىنىڭ ئۆزى «سىنىپىي كۈرەشنى ئۇتقا قىلىش» نىڭ مەھسۇلى بولۇپ، ئۇنىڭ ئاساسىي مەزمۇن جەھەتتىن «ئاۋۋالقى 10 ماددا» غا يېپىشىپ كەلمەسلىكى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. لېكىن، بۇ ھۆججەتنى تۈزۈپ چىقىشتىن مەقسەت «سول» چىللىقنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە «سول» چىللىققا قارشى تۇرۇشنى كۆزدە تۇتۇپ، بىر قاتار سىياسەت چەكلىرىنى بەلگىلەپ، بۇنىڭ بىلەن زەربە بېرىش دائىرىسىنى تارايتىش، ئىقتىسادىي تۇرمۇشقا يېتىدىغان سەلبىي تەسىرنى يېنىكلىتىشتىن ئىبارەت ئىدى. مەركىزىي كومىتېت خىزمەت يىغىنىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى قېتىملىق ئومۇمىي يىغىنىدا، دېڭ شياۋپىڭ پۈتۈن مەجلىس قاتناشقۇچىلىرىغا: بۇ ھۆججەت ئاساسىي جەھەتتىن بىر قەدەر ياخشى ھۆججەت، دەپ جاكارلىدى.

«كېيىنكى 10 ماددا» (لايىھە) چىقىرىلغاندىن كېيىن، پارتىيە ئىچىدە بەزىلەرنىڭ، جۈملىدىن بەزى جايلاردىكى مەسئۇل كىشىلەرنىڭ بۇ ھۆججەتكە ئۆكتىچىل بولۇپ قاپتۇ، دېگەن سۆزلىرىنى ئاڭلىدۇق. شۈبھىسىزكى، بۇ، تيەن جيايىڭغا بىر خىل بېسىم بولۇپ قالدى. دەل شۇ چاغدا، ۋۇخەندىن ماۋزېدۇڭنىڭ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتى ئۈچۈن ئۆز قولى بىلەن تەييارلىغان ئىككى «10 ماددا» يەنى «قوش 10 ماددا» نى مەملىكەت بويىچە ئوقۇپ چۈشەندۈرۈش توغرىسىدىكى يوليورۇقى يېتىپ كەلدى. بىز بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن كۆڭلىمىز تىندى، «كېيىنكى 10 ماددا» (لايىھە) نى ماۋزېدۇڭ ئېتىراپ قىلغانىدى! بۇ 10 - ئاينىڭ ئاخىرلىرىدىكى ئىش ئىدى. «كېيىنكى 10 ماددا» (لايىھە) 11 - ئاينىڭ 14 - كۈنى سىياسىي بيۇرونىڭ يىغىندا ماقۇللىنىپ تارقىتىلدى.

«كېيىنكى 10 ماددا» (لايىھە) نىڭ تارقىتىلىشى سوتسىيالىستىك تەربىيە ھەرىكىتىدە داۋام قىلىۋاتقان «سول» چىللىقنى توسۇپ قالالمىدى، توسۇپ قالالىشىمۇ مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ئەكسىچە، پارتىيە ئىچىدە يېڭى ۋە تېخىمۇ كەسكىن ئەيىبلەشكە دۇچار بولدى. مەسىلەن: «(كېيىنكى 10 ماددا) (ئاۋۋالقى 10 ماددا) غا قارشى ھۆججەت» دېگەندەك. 1964 - يىل 8 - ئايدا، ليۇشاۋچى تيەن جيايىڭنى ئۆزى بىلەن بىللە جەنۇبقا بېرىپ، «كېيىنكى 10 ماددا» (لايىھە) گە تۈزىتىش كىرگۈزۈشكە بۇيرۇدى. تيەن جيايىڭ بەك تەڭ قىسلىقتا قالدى. چۈنكى ئۇ ليۇ شاۋچىنىڭ يېزىلارنىڭ ۋەزىيىتى ۋە ئاساسىي قاتلام كادىرلىرى ئۈستىدىكى بەك سولچىل مۆلچىرى، ئۇتتىنى ئىنقىلاش ھەرىكىتىدىكى بەزىبىر «سول» چىل ئۇسۇللىرىغا ئانچە قوشۇلمايتتى، لېكىن ئۇ، ئەينى زاماندا، ليۇ شاۋچىنى ھۆرمەتلەيتتى، شۇڭلاشقا تەشكىلگە بويسۇنمايمۇ بولمايتتى، ئەڭ ئاخىرىدا ھۆججەتكە تۈزىتىش كىرگۈزۈش خىزمىتىگە قاتنىشىشقا مەجبۇر بولدى.

بېيجىڭدىن ئايرىلىپ جەنۇبقا بېرىشتىن بىر كۈن ئىلگىرى، تيەن جيايىڭ ماۋزېدۇڭغا دوكلات قىلىپ، ئۇنىڭدىن ھۆججەتكە تۈزىتىش كىرگۈزۈش توغرىسىدا قانداق يوليورۇقىڭىز بار، دەپ سورىدى. ماۋ زېدۇڭ: بىرىنچىدىن، ئاساسىي قاتلام كادىرلىرىنى قارىغۇ - زۇلمەت دەپ قارىماسلىق كېرەك؛ ئىككىنچىدىن، خىزمەت ئەترىتىنىڭ ئەزالىرىنى بىر ئۇقتىغا يىغىۋالماسلىق كېرەك، دېگەن ئىككى ئۇقتىنى كۆرسەتتى.

(داۋامى بار)

رەقىب ۋاھاپ تەرجىمىسى



● تۇنجى قار
جارقىن فوتوسى



● چاي ئونلاش
ئەركىن ئابلەت فوتوسى

بەدىئىي سۈرەت-
لەردىن تاللانما



● قاش دەرياسى
غەيرەت مەمتىمن فوتوسى



● تەبىئەتكە مۇھەببەت
ئەلكەي فوتوسى



● قەدىمىي يارغول خارابىسى (ماي بوياق رەسسىم) ئابدۇكېرىم نەسىردىن سىزغان

● موقاۋىدا: شاقىراتما سۇماۋچۇن فوتوسى